س

‹س›: ئەرەب ئېلىپبەسىنىڭ 12 ـ ھەرپى بولۇپ، ئەبجەد ھېسابىدا «60» نى بىلدۈرىدۇ.

سَاءَ يَسُوءُ سَوَاءً الشَّيْءُ: يامان بولدى، قەبىھ بولدى، يامانلاشتى، سەتلەشتى، قەبىھلەشتى.

«ساءَتِ الْعَلاَقَاتُ»: مۇناسىۋەت يامانلاشتى.

سَاءَتْ صِحَّتُهُ: سالامەتلىكى يامانلاشتى.

سَاءَ طَالِعُهُ: بەختى قارا بولدى، تەلىيى كەلمەدى، ئامىتى قاچتى.

«مَرَضَه شَدِيدٌ فَمَاذَا سَنَعْمَلُ إِذَا سَاءَتْ حَالَتُهُ أَكْثَرَ؟»: ئۇنىڭ كېسىلى ئېغىر، يەنىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتسە قانداق قىلارمىز؟

سَاءَ مَايَفْعَلُ: قىلمىشى نېمىدېگەن يامان.

«وَأَمْطَرْنَا عَلَيْهِمْ مَطَرً افَسَاءَ مَطَرُ الْمُنْظَرِيْنَ» ‹قرآن›: ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بىز يامغۇر (يەنى تاش) ياغدۇردۇق، ئاگاھلاندۇرۇلغۇچىلارغا ياغدۇرۇلغان يامغۇر نېمىدېگەن يامان!

سَاءَ يَسُوءُ سَوْءً وَسَوَاءَةً وسَوَايَةً الْخَبَرُ فُلاَنًا: (خەۋەر) ئەنسىرەتتى، (خەۋەر) قايغۇغا سالدى، (خەۋەر) تەشۋىشلەندۈردى.

سَاءَ الْأَمْرُ فُلاَنًا: ئەھۋال پالانىنى خاپا قىلدى، پالانىنى قايغۇغا سالدى.

«إِنْ تُصِبْكَ حَسَنَةٌ تَسُؤْهُمْ» ‹قرآن›: ئەگەر سەن بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسەڭ، ئۇلارنىڭ كۆڭلى يېرىم بولىدۇ.

سَاءَ بِهِ ظَنًّا: ئۇنىڭدىن گۇمانلاندى، ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى.

سَاءَلَ يُسَائِلُ مُسَاءَلَةً: سورىدى، سۈرۈشتۈردى.

سَابَ يَسِيْبُ سَيْبًا وَ سَيَبَانًا: بېشى قايغان، پۇتى تايغان يەرگە كەتتى، خالىغان جايغا كەتتى.

سَابَ الْمَاءُ: سۇ ئاقتى.

سَابَ الرَّجُلُ: تېز ماڭدى.

سَابَ فِي كَلاَمِهِ: كەلسە ـ كەلمەس سۆزلەۋەردى.

سَابَتِ الْحَيَّةُ: يىلان تۆشۈكىدىن چىقتى.

«لاَحَظَ الْمُدِيرُ أَنَّ بَعْضَ الْمُوَظَّفِينَ يَسِيبُونَ خِلاَلَ غِيَابِهِ»: مۇدىر ئۆزىنىڭ خىزمەتكە كەلمىگەن چاغلىرىدا بەزى خادىملارنىڭ خالىغان جايغا كېتىدىغانلىقىنى بايقىدى.

سَابَاطٌ ج سَوَابِيطُ: كارىدور، ئايۋان.

سَابَّ يُسَابُّ مُسَابَّةً و سِبَابًا: تىللاشتى.

سَابَّةٌ: كۆرسەتكۈچ بارماق، بىگىز قول.

سَابِحٌ ج سَابِحُونَ م سَابِحَةٌ ج سَابِحَاتٌ وَ سَوَابِحُ: سۇ ئۈزگۈچى.

فَرَسٌ سَابِحٌ: يۈگۈرۈك ئات.

سَابِحَاتٌ: تەسبىھ ئېيتقۇچى ئاياللار؛ كېمىلەر، پاراخوتلار؛ پەرىشتىلەر؛ يۇلتۇزلار.

سَابِعٌ: يەتتىنچى.

سَابِعُ سِتَّةٍ: ئالتىگە قوشۇلغان يەتتىنچى.

سَابِعُ سَبْعَةٍ: يەتتىنىڭ يەتتىنچىسى.

سَابِعَ عَشَرَ: ئون يەتتىنچى.

سَابِعَةَ عَشَرَةَ: ئون يەتتىنچى.

«عَقَدْنَا سِتَّةَ الْاِجْتِمَاعَاتِ وَسَنَعْقِدُ الْاِجْتِمَاعَ السَّابِعَ غَدًا»: ئالتە قېتىم يىغىن ئۆتكۈزدۇق، يەتتىنچى قېتىملىق يىغىننى ئەتە ئاچماقچىمىز.

فِي الْيَومِ السَّابِعِ عَشَرَ مِنَ الشَّهْرِ الْجَارِي»: مۇشۇ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدە.

سَابِغٌ: تولۇق، يېتەرلىك، كەڭرى؛ ئۇزۇن؛ مۇكەممەل.

ذَنَبٌ سَابِغٌ: ئۇزۇن قۇيرۇق.

سَابِغَةٌ ج سَابِغَاتٌ و سَوَابِغُ: كەڭ تۆمۈر كىيىم، مۇكەممەل ساۋۇت، قاتتىق يامغۇر، قارا يامغۇر.

«أَنِ اعْمَلْ سَابِغَاتٍ وَقَدِّرْ فِي السَّرْدِ» ‹قرآن›: مۇكەممەل ساۋۇتلارنى ياسىغىن، ساۋۇتلارنى ياساشتا (ھالقىلىرىنى بىر ـ بىرىگە) تەكشى قىلغىن.

سَابَقَ يُسَابِقُ مُسَابَقَةً إِلَى الشَّيْءِ: ئالدىرىدى، تېز بولدى.

سَابَقَةٌ: مۇسابىقىلەشتى، بەسلەشتى.

«سَابَقْتُهُ فَسَبَقَنِي»: مەن ئۇنىڭ بىلەن مۇسابىقىلەشكەن ئىدىم، ئۇ مېنى يېڭىپ قويدى.

«سَابِقُوا إِلَى مَغْفِرَةٍ مِنْ رَبِّكُمْ» ‹قرآن›: پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىنى قولغا كەلتۈرۈڭلار.

سَابِقٌ ج سَوَابِقُ: بەيگە ئېتىنىڭ ئۆزۈپ چىققىنى، بىرىنچى بولغىنى.

سَابِقٌ ج سُبَّاقٌ وَ سَابِقُونَ: ئىلگىركىلەر، ئەجداتلار، ئالدىدا ماڭغانلار.

«وَمِنْهُمْ سَابِقٌ بِالْخَيْرَاتِ بِإِذْنِ اللّٰهِ» ‹قرآن›: ۋە بەزىسى ئاللاھنىڭ ئىزنى بويىچە ئىشلارنى قىلىشتا ئالدىرىغۇچىدۇر.

«وَالسَّابِقُونَ السَّابِقُونَ أُولَئِكَ الْمُقَرَّبُونَ» ‹قرآن›: (ئۇچىنچى بىرقە ياخشى ئىشلارنى) ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلار بولۇپ (ئۇلار جەننەتكە) ئەڭ ئالدىدا كىرگۈچىلەردۇر. ئۇلار ئاللاھقا يېقىن بولغۇچىلاردۇر.

«فَازَ السَّابِقُ بِالْجَائِزَةِ»: ئۇتۇپ چىققۇچى مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

فِي السَّابِقِ: ئۆتكەندە، ئۆتمەشتە.

كَسَابِقِ عَادَتِهِ: ئادىتى بويىچە، ئادىتىگە ئوخشاش.

اَلْوَزِيْرُ السَّابِقُ: سابىق مىنىستىر، سابىق ۋەزىر.

اَلْأُسْبُوعُ السَّابِقُ: ئۆتكەن ھەپتە.

سَابِقٌ لِأَوَانِهِ: ۋاقتىدىن بۇرۇن، تېخى ۋاقتى كەلمىدى.

سَابِقًا: بۇرۇن، ئىلگىرى، ئالدىدا.

سَابِقًا و لَاحِقًا: ئالدى ـ كەينى، ئۆتمۈش ۋە كېيىن، ئىلگىرى ـ كېيىن.

سَابِقَةٌ ج سَابِقَاتٌ و سَوَابِقُ: ئىلگىرى، ئالدىدا؛ ئالدىدا يېتىپ بارغان ئات، مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئات؛ ئۈلگە؛ ئۆرنەك، جىنايەتچىگە ئارتىلغان جىنايەت.

لَهُ سَابِقَةٌ مِنْ نَوْعِهِ: ئالدىدا ئوخشىشى بار.

«لِهَذَا الْمُجْرِمِ سَوَابِقُ كَثِيرَةٌ»: بۇ جىنايەتچىنىڭ نۇرغۇن جىنايەتلىرى بار.

سَابِلٌ ج سَوَابِلُ: مىڭىلىغان يول.

سَابِلَةٌ ج سَوَابِلُ: يولدىن ئۆتكۈچى، يولۇچى، مىڭىلىغان يول.

طَرِيْقٌ سَابِلَةٌ: مىڭىلىغان يول، ئادەم ماڭىدىغان يول.

«لاَ تَسْمَحُوا لِأَوْلاَدِكُمْ بِاللَّعِبِ فِي السَّابِلَةِ»: بالىلىرىڭلارنى ئادەم ئۆتىدىغان يولدا ئويناشقا يول قويماڭلار.

«كَانَ اللُّصُوصُ يَقْطَعُونَ الطُّرُقَ وَيَسْبَلُونَ السَّابِلَةَ أَمْوَالَهُمْ»: ئوغرىلار يولنى توساپتتى ۋە يولۇچىلارنىڭ ماللىرىنى بۇلايتتى.

سَابُورَةٌ: خورما ياپرىقىدىن توقۇلغان سېۋەت.

سَاتٌّ: ئالتىنچى، ئالتىنچى نومۇر.

سَاتَرَ يُسَاتِرُ مُسَاتَرَةً الْعَدَاوَةَ: دۈشمەنلىكىنى سىر تۇتتى.

سَاتِرٌ ج سَوَاتِرُ: دەر پەردە، توساق.

سَاجَ يَسُوجُ سَوْجًا و سُوَاجًا وَسَوَجَانًا: ئاستا ئالدى ـ كەينىگە مېڭىپ يۈردى، لاغايلاپ يۈردى.

سَاجٌ ج سِيْجَانٌ م سَاجَةٌ ج سَاجَاتٌ: كاشتان دەرىخى؛ كەڭ خالات.

سَاجِدٌ ج سَاجِدُونَ وَ سُجَّدٌ وَسُجُودٌ: سەجدە قىلغۇچى، باش ئۇرغۇچى، خار، زەئىپ.

«فَسَجَدُوا إِلاَّ إِبْلِيسَ لَمْ يَكُنْ مِنَ السَّاجِدِينَ» ‹قرآن›: ئىبلىستىن باشقىسى سەجدە قىلدى، ئۇ سەجدە قىلغۇچىلاردىن ئەمەس.

سَاجِدَةٌ ج سَوَاجِدُ: سەجدە قىلغۇچى ئايال؛ كۆڭلى سۇنۇق، خار، زەئىپ.

عَيْنٌ سَاجِدَةٌ: هارغىن كۆز.

نَخْلَةٌ سَاجِدَةٌ: دوڭغاق خورما (دەرىخى).

سَاجَرَ يُسَاجِرُ مُسَاجَرَةً: سەمىمىي بولدى، سادىق بولدى، ھەمراھ بولدى.

سَاجِرٌ: تولغۇچى، ئورۇنلاشتۇرغۇچى؛ كەلكۈن؛ كەلكۈن كېلىدىغان ساي.

سَاجِعَةٌ ج سَوَاجِعُ: مۇڭلۇق ئاۋازدا بوقسرايدىغان تۆگە؛ سايرىغۇچى؛ بۇقۇلدىغۇچى كەپتەر.

سَاجَلَ يُسَاجِلُ مُسَاجَلَةً: رىقابەتلەشتى، بىرىنچى بولۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى، بىرىنچىلىكنى تالاشتى.

سَاجَلَهُ فِي الشِّعْرِ: مۇشائىرە قىلدى، شېئىردا نەزمە يېزىش ئۈچۈن مۇسابىقىلەشتى.

سَاجُورٌ ج سَوَاجِيرُ: ئىتنىڭ بويىنىغا سېلىنىدىغان تۆمۈر ھالقا.

سَاجٍ م سَاجِيَةٌ: جىمجىت؛ ئىللىق؛ تىنچ.

بَحْرٌ سَاجٍ: تىپتىنچ دېڭىز.

طَرْفٌ سَاجٍ: تالغان كۆز.

لَيْلَةٌ سَاجِيَةٌ: تىپتىنچ كېچە، جىمجىت كېچە.

سَاحَ يَسِيحُ سَيْحًا و سَيَحَانًا الْمَاءُ: سۇ ئاقتى.

«ذَابَ الزُّبْدُ وَسَاحَ» : سېرىق ماي ئېرىدى ۋە ئاقتى.

سَاحَ الثَّلْجُ: قار ئېرىدى.

سَاحَ الظِّلُّ: سايە كۆچتى، سۇرۇلدى، يۆتكەلدى.

سَاحَ يَسِيحُ سِيَاحَةً الشَّخْصُ: ساياھەت قىلدى، سەيلە قىلدى، سەيلە ـ تاماشا قىلدى، كېزىپ يۈردى.

سَاحِبٌ: تارتقۇچى، سۆرىگۈچى.

سَاحِبَةٌ ج سَوَاحِبُ: يەر ئاغدۇرغۇچى تراكتور.

سَاحَةٌ ج سَاحٌ و سُوحٌ و سَاحَاتٌ: قوروۋ، سەينا، مەيدان، ھويلا؛ بوش يەر، بىكار يەر.

«فَإِذَا نَزَلَ بِسَاحَتِهِمْ فَسَاءَ صَبَاحُ الْمُنْذَرِينَ» «قرآن» : ئازاب ئۇلارنىڭ ھويلىسىغا چۈشكەن چاغدا، ئاگاھلاندۇرۇلغۇچىلارنىڭ ئەتىگىنى نېمىدېگەن يامان!

«جَلَسْنَا فِي سَاحَةِ الدَّارِ» : بىز ھويلىنىڭ سەيناسىدا ئولتۇردۇق.

سَاحَةُ الْأَلْعَابِ الرِّيَاضِيَّةِ: تەنھەرىكەت مەيدانى، تەنھەرىكەت ياكى چېنىقىش مەيدانى.

سَاحَةُ الْقِتَالِ: ئۇرۇش مەيدانى، جەڭگاھ.

سَاحَةُ الْحَرْبِ: ئۇرۇش مەيدانى.

سَاحَةُ الْمَعْرَكَةِ: ئۇرۇش مەيدانى.

سَاحَةُ الْقَضَاءِ: سوت كوللېگىيىسى.

نَزَلَ بِسَاحَتِهِ: ئۇنىڭ قورۇسىغا چۈشتى.

بَرِئُ السَّاحَةِ: گۇناھسىز، بىگۇناھ.

بَرَّأَتِ الْمَحْكَمَةُ سَاحَتَهُ: سوت مەھكىمىسى ئۇنى گۇناھسىز دەپ ئېلان قىلدى.

سَاحِرٌ ج سَاحِرُونَ و سَحَرَةٌ: جادۇگەر، سېھىرگەر، كۆز باغلىغۇچى.

سَاحِقٌ: ھالاك قىلغۇچى، بېسىپ چۈشكۈچى، يانچىغۇچى، ۋەيران قىلغۇچى، جاننى ئالغۇچى.

نَصْرٌ سَاحِقٌ: ھەممىنى بېسىپ چۈشكۈچى غەلىبە.

أَكْثَرِيَّةٌ سَاحِقَةٌ: ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگۈچى كۆپلۈك سان.

قُنْبُلَةٌ سَاحِقَةٌ مَاحِقَةٌ: ۋەيران قىلغۇچى بومبا.

«هَزَمَ جَيْشُ الْعَدُوِّ هَزِيمَةً سَاحِقَةً» : دۈشمەن قوشۇنى ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇپ بولدى.

سَاحَلَ يُسَاحِلُ مُسَاحَلَةً الْقَوْمُ بِأَوْلَادِهِمْ: باللىرىنى قىرغاققا ئېلىپ كەلدى.

سَاحِلٌ ج سَوَاحِلُ: قىرغاق، ساھىل.

سَاحِلُ الْبَحْرِ: دېڭىز بويى، دېڭىز قىرغىقى، دېڭىز ساھىلى.

«فَلْيُلْقِهِ الْيَمُّ بِالسَّاحِلِ» «قرآن» : دەريا ئۇنى قىرغاققا تاشلىسۇن.

مِدْفَعِيَّةُ السَّوَاحِلِ: قىرغاق زەمبىرىكى.

خَفْرُ السَّوَاحِلِ: دېڭىز قىرغىقى ساقچىلىرى.

سَاحِلِيٌّ: دېڭىز قىرغىقىنىڭ، دېڭىز قىرغىقىغا تەۋە.

مَدِينَةٌ سَاحِلِيَّةٌ: دېڭىز بويىغا جايلاشقان شەھەر.

سَاخَ يَسُوخُ سَوْخًاو سُيُوخًاوسُؤُوخًا و سَوَخَانًا ـ تِ بِهِ الْأَرْضُ: ئۇنى يەر يۇتتى.

سَاخَ الشَّيْءُ فِي الْمَاءِ: سۇغا چۆشۈپ كەتتى.

سَاخَ فِي الطِّينِ: لايغا پېتىپ قالدى.

سَاخَ يَسُوخُ سَوْخًا و سُيُوخًا سَيْخًا وَسَيَخَانًا

قَوَائِمُ الدَّابَّةِ فِي الْأَرْضِ: ھايۋاننىڭ پۇتى يەرگە پېتىپ قالدى.

سَاخِرٌ: مەسخىرە قىلغۇچى، زاڭلىق قىلغۇچى.

ضَحِكَ سَاخِرًا: مەسخىرە قىلىپ كۈلدى.

سَاخِطٌ: غەزەپ قىلغۇچى، غەزەپلەنگەن، ئاچچىقلانـ غۇچى.

سَاخِنٌ ج سُخَّانٌ م ساخِنَةٌ: قىزىق، ئىسسىق.

هَوَاءٌ سَاخِنٌ: ئىسسىق ھاۋا.

«تَنَاوَلْتُ الْفُطُورَ سَاخِنًا» : مەن ناشتىلىقنى ئىسسىق ھالىتىدە يېدىم.

سَادَ يَسُودُ سِيَادَةً وَسُؤْدَدًا و سُودًا: ئۇلۇغ بولدى، ئالىيجاناب بولدى.

سَادَ قَوْمَهُ: قەۋمىگە باشلىق بولدى.

سَادَهُ: ئۇنى باشقۇردى، ئۇنىڭغا قوماندانلىق قىلدى، ئۇنى كونترول قىلدى.

سَادَ الْإِضْطِرَابُ وَالْفَوْضَى: قالايمىقانلىشىپ كەتتى.

سَادَ الْهُدُوْ: تىپتىنچ بولدى.

«فِي أَوَاخِرِ اللَّيلِ سَادَ السُّكُونُ كُلَّ شَيْءٍ» : يېرىم كېچىدىن كېيىن ھەممە نەرسە جىمجىتلىققا چۆكتى.

سَادَةٌ: سىدام، ئاددى.

قُمَاشٌ سَادَةٌ: ئاددىتتىكى رەخت، گۈلسىز رەخت، يولسىز رەخت.

قَهْوَةٌ سَادَةٌ: شېكەرسىز قەھۋە.

سَادِحٌ: كۆپ، باي، مول.

سَادَّةٌ ج سُدُودٌ: كۆز گۆھىرى بۇلغىنىش كېسەللىكى، كۆز گۆھىرىگە ئاق چۈشۈش كېسەللىكى.

سَادِرٌ: تېڭىرقاپ قالغۇچى، تەپ تارتمايدىغان؛ سۇ مەنبەسى، بۇلاق.

«ظَلَّ سَادِرًا فِي غَيِّهِ» : ھېچ تەپ تارتماي كۆڭۈل خاھىشىغا بېرىلدى.

سَادِسٌ م سَادِسَةٌ: ئالتىنچى.

«وَيَقُولُونَ خَمْسَةٌ سَادِسُهُمْ كَلْبُهُمْ» «قرآن» : بەزىلەر: «ئۇلار بەش بولۇپ، ئالتىنچىسى ئۇلارنىڭ ئىتتىدۇر» دەيدۇ.

سَادِسًا: ئالتىنچى، ئالتىنچىدىن.

سَادِسَ عَشَرَ: ئون ئالتىنچى.

سَادِنٌ ج سَدَنَةٌ: كەئبىنىڭ خادىمى، ئىشىك باقار، ئىشىكك قارىغۇچى، ھاجىب.

سَاذِجٌ. سَاذَجٌ ج سُذَّجٌ: خالىس، ساپ، سادda، ئاددى؛ تۇپتۇز.

لَوْنٌ سَاذِجٌ: بىر خىل رەڭ، رەڭگى بىر خىل.

شَخْصٌ سَاذِجٌ: ئاددى ئادەم، پىشمىغان ئادەم، تەجرىبىسىز ئادەم.

رَأْيٌ سَاذِجٌ: ئاددى پىكىر، تومتاق پىكىر، پىشمىغان پىكىر.

حُجَّةٌ سَاذِجَةٌ: چالا پاكىت.

«أَنَّ شَخْصِيَّتَهُ السَّاذِجَةَ تَتْرُكُ انْطِبَاعًا عَمِيقًا فِي نُفُوسِ الْآخَرِينَ» : ئۇنىڭ ساددا خاراكتېرى باشقىلاردا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدۇ.

سَارَ يَسُورُ سَوْرَةً: غەزەپلەندى، ئاچچىقلاندى.

سَارَ يَسُورُ سَوْرًا سُؤُورًا: ئېتىلدى، سەكرىدى، غەزەپلەندى.

سَارَا الشُّجَاعُ فِي الْحَرْبِ: قەھرىمان جەڭدە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى.

سَارَ يَسُورُ سَوْرًا الْحَائِطَ: تامغا ياماشتى، تامغا ئېسىلدى.

سَارَ يَسِيرُ سَيْرًا وَتَسْيَارًا وَمَسِيرًا وَ مَسِيرَةً وَ سَيْرُورَةً: ماڭدى، كەتتى، ئىلگىرىلىدى، سەپەر قىلدى، ساياھەت قىلدى، كېزىپ يۈردى، ئېقىپ يۈردى.

سَارَ الْجَيْشُ: قوشۇن يۈرۈش قىلدى.

سَارَ سِيرَةً حَسَنَةً: ياخشى مەسلەكتە ماڭدى، ياخشى يولدا ماڭدى.

سَارَ فِي رُكَابِهِ: بىللە ماڭدى، ئەگەشتى، كەينـ

گە كىردى.

سَارَ بِمُقْتَفَى كَذَا: ئەمەل قىلدى، بويىچە ماڭدى، تەقەززاسى بويىچە ماڭدى.

سَارَبِهِ: ماڭغۇزدى، يۈرگۈزدى.

سَارَ كَتِفًا لِكَتِفٍ: مۈرىنى ـ مۈرىگە تىرەپ ئىلگىرىلىدى.

سَارَ مِنْ سَيِّئٍ إِلَى أَسْوَءَ: بارغانچە يامانلاشتى.

«يَسِيرُ النَّاسُ عَلَى الرَّصِيفِ» : كىشىلەر ئاسفالت ياتقۇزۇلغان يولدا ماڭىدۇ.

سَارَ الْمَثَلُ أَوِ الْكَلَامُ: مەسەل ياكى سۆز تارالدى، يۈركەتتى، يېيىلدى.

اَلسَّارِبُ: خالىغانچە يۈرۈيدىغان، باشباشتاق.

ظَبْيَةٌ سَارِبٌ: ئەركىن ئوتلىغۇچى كىيىك.

«وَمَنْ هُوَ مُسْتَخْفٍ بِاللَّيْلِ وَسَارِبٌ بِالنَّهَارِ»

«قۇرئان» : كېچىسى يوشۇرۇنغان، كۈندۈزى ئاشكارا يۈرگەنلەر. . .

اَلسَّارِحُ: پادىچى، پادا.

سَارِحُ الْفِكْرِ: پىكرى چېچىلاڭغۇ.

اَلسَّارِحَةُ ج سَوَارِحُ: پادا.

مَالَهُ سَارِحَةٌ وَ لَارَائِحَةٌ: ئۇنىڭ ھېچنېمىسى يوق.

سَارَّ يُسَارُّ مُسَارَّةً و سِرَارًا: سىرداشتى، سىر بەردى.

سَارٌّ: خۇشال قىلغۇچى.

«سَمِعْتُ خَبَرًا سَارًّا» : خۇشاللىنارلىق خەۋەر ئاڭلىدىم.

«فِي الْحَالِ اِنْتَشَرَتِ الْأَخْبَارُ السَّارَّةُ فِي أَنْحاءِ الْقَرْيَةِ» : خۇش خەۋەر پۈتۈن يېزىغا دەرھال تارقالدى.

سَارَعَ يُسَارِعُ مُسَارَعَةً: ئالدىرىدى.

«سَارِعُوا إِلَى مَغْفِرَةٍ مِنْ رَبِّكُمْ» «قۇرئان» : سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ئالدىراڭلار.

سَارَقَ يُسَارِقُ مُسَارَقَةً ـ هُ النَّظَرَ إِلَيْهِ: ئوغرىلىقچە قارىدى، مارىدى، كۆز يۈگۈرتتى، يەر تېگىدىن قارىدى، ئاستىرتتىن قارىدى.

سَارِقٌ ج سَارِقُونَ. سُرَّاقٌ و سَرَقَةٌ: ئوغرى، يانچۇقچى.

«وَالسَّارِقُ وَالسَّارِقَةُ فَاقْطَعُوا أَيْدِيَهُمَا» «قۇرئان» : ئوغرىلىق قىلغۇچى ئەرنىڭ ۋە ئوغرىلىق قىلغۇچى ئايالنىڭ قوللىرىنى كېسىڭلار.

سَارِقُ الْمُؤَلَّفَاتِ: ئەسەر ئوغرىسى، باشقىلارنىڭ ئەسىرىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغۇچى.

اَلسَّارِقَةُ ج سَوَارِقُ: كىشەن.

سَارُوخٌ: راكېتا؛ پوجاڭزا.

اَلسَّارِي ج سُرَاةٌ: شېر، ئارسلان؛ كېچىسى كېلىدىغان بۇلۇت؛ خادا، تۈۋرۈك.

سَارِي الْمَفْعُولِ: كۈچكە ئىگە.

سَارِيَةُ الْعَلَمِ: بايراق خادىسى، بايراق مومىسى.

«اَلْعَلَمُ يُرَفْرِفُ فَوْقَ السَّارِيَةِ» : خادىدا بايراق لەپىلدىمەكتە.

سَارِيَةُ الْمَرْكَبِ: يەلكەن مومىسى.

سَارِيَةُ السَّفِينَةِ: كېمە ماچتىسى.

اَلْأَمْرَاضُ السَّارِيَةُ: يۇقۇملۇق كېسەللەر.

سَاسَ يَسُوسُ سِيَاسَةً النَّاسَ: كىشىلەرنى باشقۇردى، ئىدارە قىلدى.

سَاسَ الْأُمُورَ: ئىشلارنى باشقۇردى.

سَاسَ الْعَمَلَ: ئىشنى ئىدارە قىلدى، خىزمەتنى باشقۇردى.

«كَانَ الْخُلَفَاءُ الرَّاشِدُونَ يَسُوسُونَ النَّاسَ بِالْعَدْلِ» : چاھارىيارلار كىشىلەرنى ئادالەت بىلەن باشقۇراتتى.

سَاسَ الدَّوَابَّ: ئۇلاغنى كۈندۈردى، ئۇلاغنى باقتى، ئۇلاغدىن خەۋەر ئالدى.

«يَسُوسُ خُيُولَ الْأَمِيرِ» : ئەمىرنىڭ ئاتلىرىنى باقىدۇ.

سَاسَ يَسُوسُ سَوْسًا الطَّعَامُ: يېمەكلىك قۇرتلاپ قالدى.

سَاسَتِ السِّنُّ: چىشنى قۇرت يېدى.

سَاطَ يَسُوطُ سَوْطًا: قامچىلىدى.

سَاطَ الشَّيْءَ: نەرسىنى ئارىلاشتۇردى.

سَاطَ الْحَرْبَ: ئۇرۇش ئېلان قىلدى، ئۇرۇش باشلىدى.

سَاطِرٌ: قاسساپ.

سَاطِعٌ: نۇرلۇق، پارلاق، روشەن، ئېنىق، چۈشىنىشلىك، يورۇتقۇچى، نۇر چاچقۇچى.

«كَانَ النُّورُ سَاطِعًا فَلَمْ أَسْتَطِعْ فَتْحَ عَيْنَيَّ»: نۇر چاقناپ ئىككى كۆزۈمنى ئاچالمىدىم.

سَاطِلٌ: كۆتۈرۈلگەن چاڭ.

سَاطُورٌ ج سَوَاطِيرُ: قىڭراق، چەيدو، چوڭ پىچاق.

سَاعَ يَسُوعُ سَيْعًا و سُيُوعًا الشَّيْءُ: نەرسە يۈتۈپ كەتتى، زايا بولدى، چۈشۈپ قالدى، يوقالدى.

سَاعَ الْمَاءُ: سۇ قالايمىقان ئاقتى.

سَاعَاتِيٌّ ج سَاعَاتِيَّةٌ: سائەت سودىگىرى؛ سائەت رېمونت قىلغۇچى، سائەتچى.

سَاعَةٌ ج سَاعَاتٌ و سَاعٍ: سائەت.

سَاعَةُ جَيْبٍ: يانچۇق سائىتى، قويۇن سائىتى.

سَاعَةُ حَائِطٍ: تام سائىتى.

سَاعَةُ يَدٍ . سَاعَةُ مِعْصَمٍ: قول سائىتى.

سَاعَةُ سِبَاقٍ: سىكۇندومىر (تەنتەربىيىگە ئىشلىتىلىدىغان ۋاقىت ئۆلچىگۈچ).

سَاعَةٌ رَقْمِيَّةٌ: رەقەملىك سائەت (ئىستىرىلكىسىز سائەت).

سَاعَةٌ نَاطِقَةٌ: سۆزلەيدىغان سائەت.

سَاعَةٌ شَمْسِيَّةٌ: قۇياش سائىتى.

سَاعَةُ بِيْضٍ: تۇخۇم پۇشۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ۋاقىت بېكىتىش ئەسۋابى.

سَاعَةٌ رَمْلِيَّةٌ: ۋاقىت بەلگىلەيدىغان قۇم سائەت.

سَاعَةُ الصِّفْرِ: ھەربىي ھەرىكەتنىڭ باشلىنىشى بەلگىلەنگەن يوشۇرۇن ۋاقىت.

زَهْرَةُ السَّاعَةِ: مېھرىگۈل، پاتمىغۇلۇرا (پىلەك غوللۇق ئۆسۈملۈك).

رَجُلُ السَّاعَةِ: ئەھۋالغا قاراپ ئۆزگىرىدىغان ئادەم، تۇراقسىز، يۇمىلاق تاۋۇز؛ ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدا خەۋىرى بېرىلىپ تۇرىدىغان مەشھۇر شەخس.

سَاعَتُهُ الْأَخِيرَةُ: ئۆلۈش ۋاقتى.

«دَنَتْ سَاعَتُهُ الْأَخِيرَةُ»: ئۇنىڭ ئۆلۈش ۋاقتى يېقىنلاشتى.

سَاعَةُ نَحْسٍ: شۇم ۋاقىت، شۇم چاغ، بەختسىز چاغ.

اِبْنُ سَاعَتِهِ: ۋاقىتلىق، ئۆمرى قىسقا، ۋاقىتنىچە، ھازىرچە.

مِنَ السَّاعَةِ: مۇندىن كېيىن، بۇنىڭدىن تارتىپ، ھازىردىن باشلاپ.

إِلَى السَّاعَةِ: ھازىرغا قەدەر، ھازىر، ھازىرقى.

سَاعَتَئِذٍ: ئۆز ۋاقتىدا، شۇ چاغدا.

حَتَّى السَّاعَةِ: ھازىرغىچە، ھازىرغا قەدەر.

لِلسَّاعَةِ: ھازىرغىچە، يەنىلا، شۇنداقلا، ئۆز پېتىچە.

مَاجَاءَ لِلسَّاعَةِ: ھازىرغىچە كەلمىدى.

فِي سَاعَتِهِ: دەرھال، شۇئانلا، شۇ زامان، ھازىرلا.

مُنْذُ سَاعَةٍ: ھازىردىن باشلاپ.

بَيْنَ سَاعَةٍ و أُخْرَى: يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، يېقىندا.

«لَمْ أَفْرَغْ مِنَ الْعَمَلِ إِلَّا السَّاعَةَ»: مەن خىزمەتتىن ئەمدىلا چۈشتۈم.

«اِسْتَغْرَقَ الْاِجْتِمَاعُ سَاعَتَيْنِ»: يىغىن ئىككى سائەت داۋاملاشتى.

اَلسَّاعَةُ: قىيامەت.

«بَلْ كَذَّبُوا بِالسَّاعَةِ» «قرآن»: ياق، ئۇلار قىيامەتنى ئىنكار قىلدى.

سَاعَدَ يُسَاعِدُ مُسَاعَدَةً: ياردەملەشتى، ياردەم بەردى.

«طَلَبْتُ الْمُسَاعَدَةَ فَلَمْ يُسَاعِدْنِي أَحَدٌ»: ياردەم تەلەپ قىلمۇدىم، ماڭا ھېچ كىشى ياردەم بەرمىدى.

سَاعِدٌ ج سَوَاعِدُ: بىلەك.

شَمَّرَ عَنْ سَاعِدِ الْجِدِّ: تىرىشتى، تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

اِشْتَدَّ سَاعِدُهُ: كۈچلۈك بولدى، كۈچەيدى.

سَاعِدُهُ الْأَيْمَنُ: ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى.

سَاعِدَةٌ ج سَوَاعِدُ: تارماق ئېقىم، تارماق دەريا.

سَامَرَ يُسَامِرُ مُسَامَرَةً: سودىلاشتى، باھا تالاشتى.

سَاعَفَهُ مُسَاعَفَةً: قۇتۇلدۇردى، كېسەلنىنى داۋالـ دى، ياردەملەشتى.

سَاعِلٌ: بوغۇز، كېكىردەك.

سَاعٍ ج سُعَاةٌ: سۇخەنچى، گەپ توشۇغۇچى؛ بوھتان چاپلىغۇچى، قارا چاپلىغۇچى، پىتنەـ خور؛ پوچتىكەش؛ ئەلچى.

سَاعِي الْبَرِيدِ: پوچتىكەشلىك، پوچتىكەش.

«لَقَدْ عَمِلَ أَكْثَرَ مِنْ عَشَرِ سَنَوَاتٍ سَاعِيَ بَرِيدٍ دُونَ أَنْ يَرْتَكِبَ خَطَأً وَاحِدًا فِي عَمَلِهِ» : ئۇ 10 يىلدىن ئارتۇق پوچتىكەش بولۇپ ئىشلىنى بىر قېتىممۇ خاتا قىلىپ قويمىدى.

سَاغَ يَسُوغُ سَوْغًا وَسَوَاغًا و سَوَاغًا الشَّرَابُ: شاراب گالدىن سىلىق ئۆتىدىغان بولدى.

سَاغَ الطَّعَامَ أَوِ الشَّرَابَ: تاماق ياكى شارابنى يېقىشلىق ھېسابلىدى.

«لَمْ أَسِغْ هَذَا الشَّرَابَ» : بۇ شارابنى ياقتۇرمىدىم.

سَاغَ الشَّيْءُ: ياخشى بولدى.

سَاغَ لَهُ الأَمْرُ: مۇۋاپىق كەلدى، لايىق بولدى.

سَاغَ يَسِيغُ سَيْغًا: ياخشى بولدى، سىلىق ئۆتتى، مۇۋاپىق كەلدى.

سَاغِبٌ: ئاچ، ئاچ قالغان.

سَاقَ يَسُوقُ سَوْقًا الشَّيْءَ: يۈرىدى، يىلدىدى.

سَاقَ يَسِيقُ سَيْقًا: قىلىچ بىلەن چاپتى.

سَاقَ عَلَيْهِ: چىدىدى، سەۋر قىلدى.

سَاقَتْ يَدُهُ: قولى يېرىلىپ كەتتى.

السَّاقُ. سَاقَةٌ ج آسُقٌ و سَاقَاتٌ: بىر قاتار خام كېسەك ياكى پىششىق كېسەك.

سَافَحَ يُسَافِحُ مُسَافَحَةً الْمَرْأَةَ: ئايال بىلەن نىكاھسىز بىر يەردە بولدى، بۇزۇقچىلىق قىلدى.

سَافِحٌ ج سَوَافِحُ: تۆكۈلگەن ياش.

سَافَدَ يُسَافِدُ مُسَافَدَةً وَسِفَادًا الذَّكَرُ أُنْثَاهُ: جۈپلەشتى، ئەركەكى چىشىسىغا چاپتى.

سَافَرَ يُسَافِرُ مُسَافَرَةً: سەپەر قىلدى.

سَافَرَ بَرًّا: قۇرۇقلۇقتا سەپەر قىلدى.

سَافَرَ بَحْرًا: دېڭىزدا سەپەر قىلدى.

سَافَرَ جَوًّا: ئايروپىلاندا سەپەر قىلدى.

«إِنْ تُسَافِرْ أُسَافِرْ مَعَكَ» : ئەگەر سەپەر قىلساڭ مەن سەن بىلەن بىرگە سەپەر قىلىـ مەن.

سَافِرٌ ج سَفَرَةٌ: نامە ـ ئەمەلنى خاتىرىلەيدىغان پەرىشتە.

«بِأَيْدِي سَفَرَةٍ كِرَامٍ بَرَرَةٍ» : (ئۇ) ھۆرمەتلىك ياخشى (پەرىشتىلەردىن بولغان) پۈتۈكچىـ لەرنىڭ قولىدىدۇر.

سَافِرٌ ج سَوَافِرُ: ئېنىق، ئاشكارا، ئوچۇق.

إِعْتِدَاءٌ سَافِرٌ: ئاشكارا تاجاۋۇزچىلىق.

وَجْهٌ سَافِرٌ: چۈمبەلسىز يۈز.

إِمْرَأَةٌ سَافِرَةٌ: يۈزى ئوچۇق ئايال، چۈمبەلسىز ئايال.

بِالْقُوَّةِ السَّافِرَةِ: ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق قورال كۈچى ئىشلىتىش، قورال كۈچى بىلەن، تەپ تارتماستىن.

سَافَعَ يُسَافِعُ مُسَافَعَةً ـ هُ: ئۇنىڭ بىلەن جېدەل قىلدى، ئۇرۇشتى، قوغلىدى، قوچاقلىدى.

سَافِلٌ ج سَفَلَةٌ وَ سُفَّلٌ وَسُفَّالٌ و سُفْلاَنٌ وَسَافِلُونَ: پەس، تۆۋەن، پاكار؛ ناچار، رەزىل، شەرمەندە.

سَافِنَةٌ ج سَوَافِنُ: يەر يۈزىنى يۇيۇۋېتىدىغان بوران قاتتىق بوران، قۇيۇن.

سَافَهَ يُسَافِهُ مُسَافَهَةً: تىللاشتى.

سَافَهَ الشَّرَابَ: شارابنى بولۇشىغا ئىچتى.

سَافِهٌ: ئەخمەق، ئەقىلسىز، تەشنا.

سَافَى يُسَافِي مُسَافَاةً: ئۆزئارا تىللاشتى؛ داۋالـ دى، دورا قىلدى.

سَافِي: بوران، قۇيۇن.

سَافِيَاءٌ: چاڭ ـ توزان؛ چاڭ توزىتىدىغان بوران، چاڭ ـ توزانلىق بوران.

سَافِيَةٌ ج سَافِيَاتٌ وَسَوَافٍ: بوران، قۇيۇن.

سَاقَ يَسُوقُ سَوْقًا وَ سِيَاقًا وَ سِيَاقَةً وَ مَسَاقًا:

هەيدىدى، قوغلىدى، يۈزلەندۈردى، يېتەكلە-
دى، سۈردى.

سَاقَ إِلَيْهِ الْمَالَ: مالنى ئۇنىڭغا بەردى، بېغىش-
لىدى، سۇندى، تەقدىم قىلدى.

سَاقَ الْحِمَارَ: ئېشەكنى هەيدىدى.

سَاقَ إِلَى كَذَا: ئېلىپ باردى، ئېلىپ كەلدى،
يېتەكلىدى، باشلىدى، يېتەكچىلىك قىلدى.

سَاقَ الْحَدِيثَ: سۆزنى داۋاملاشتۇردى، توختىماي
سۆزلىدى.

سَاقَ الْخَبَرَ: تەپسىلىي خەۋەر قىلدى، تەپسىلىي
يەتكۈزدى.

سَاقَ السَّيَّارَةَ: ماشىنا هەيدىدى.

«سُقِ السَّيَّارَةَ. فَلَايُوجَدُ أَيُّ عُطْلٍ فِيهَا»:
ماشىنىنىڭ چاتىقى يوق، ئۇنى هەيدە.

سَاقَتِ الرِّيحُ السَّحَابَ: شامال بۇلۇتنى هەيدىدى.

سَاقَ الْمَرِيضُ نَفْسَهُ وَ بِنَفْسِهِ: جان تۇمشۇقىغا
كەلدى، سەكراتقا چۈشۈپ قالدى.

سَاقَ اللّٰهُ الْخَيْرَ: ئاللاھ ياخشىلىقنى ئەۋەتتى.

إِلَيْكَ يُسَاقُ الْحَدِيثُ: سۆز ساڭا قارىتىلىدۇ،
سۆز سىزگە قارىتىلىدۇ.

سَاقٌ ج سُوقٌ وَ سِيقَانٌ وَ أَسْوُقٌ: پاچاق، پۇت.

«فَلَمَّارَأَتْهُ حَسِبَتْهُ لُجَّةً وَكَشَفَتْ عَنْ سَاقَيْهَا»
«قرآن»: ئۇ (يەنى بىلقىس) سارايىنى چوڭ
سۇ دەپ گۇمانلىنىپ (كىيىمىنى كۆتۈرۈپ)
ئىككى پاچىقىنى ئاچتى.

«فَاسْتَوَى عَلَى سُوقِهِ» «قرآن»: ئاندىن ئۆز
غولى بىلەن ئۆرە تۇرغان...

سَاقُ الشَّجَرَةِ: دەرەخنىڭ غولى، دەرەخ گەۋدىسى.

سَاقُ النَّبَاتِ: ئۆسۈملۈكنىڭ غولى، پايە.

رَبْطَةُ السَّاقِ: پايپاق بوغقۇچ، پايپاق باغلىغۇچ.

عَظْمُ السَّاقِ: پاچاق سۆڭىكى.

سَاقُ حُرٍّ: ئەركەك پاختەك.

عَلَى قَدَمٍ وَسَاقٍ: پۈتۈن كۈچى بىلەن، بارلىق
كۈچ - قۇۋۋىتى بىلەن.

اَلْعَمَلُ جَارٍ عَلَى قَدَمٍ وَسَاقٍ: ئىش جىددىي
كېتىپ بارماقتا.

قَامَتِ الْحَرْبُ عَلَى سَاقِهَا: شىددەتلىك جەڭ
باشلاندى، قاتتىق جەڭ بولغىلى تۇردى.

شَمَّرَ الْحَرْبُ عَنْ سَاقِهَا: ئۇرۇش كۈچەيدى،
ئۇرۇش ئەۋجىگە چىقتى.

شَمَّرَ الْأَمْرُ عَنْ سَاقِهِ: ئىش كۈچەيدى؛ قىزىدى؛
ئەۋجىگە چىقتى.

أَطْلَقَ سَاقَيْهِ لِلرِّيحِ: تېز قاچتى، تېز ماڭدى.

سَاقُ الْأَسَدِ: سۇنبۇلە، يۇلتۇز تۈركۈمى.

سَاقَةٌ: كەينى، ئاخىرى، ئارقىسى.

سَاقَةُ الْجَيْشِ: ئارقا سەپ مۇھاپىزەت قوشۇنى.

سَاقَطَ يُسَاقِطُ مُسَاقَطَةً الشَّيْءَ: چۈشتى، تۆكۈل-
دى.

«وَهُزِّي إِلَيْكِ بِجِذْعِ النَّخْلَةِ تُسَاقِطْ عَلَيْكِ رُطَبًا»
«قرآن»: خورما دەرىخىنى ئۆز تەرىپىڭگە
ئىرغىتقىن، ئالدىڭغا پىشقان يېڭى خورمىلار
تۆكۈلىدۇ.

سَاقِطٌ ج سُقَّاطٌ وَ سِقَاطٌ سَاقِطَةٌ: چۈشكۈنلەش-
كۈچى، غۇلاپ چۈشكۈچى، چۈشۈپ كەتكۈچى،
يىقىلىپ چۈشكۈچى، تۆۋەنگە ساڭگىلىغۇچى؛
تېگى پەس.

سَاقِطٌ مِنَ الْحُقُوقِ الْمَدَنِيَّةِ: گىراژدانلىق هوقۇ-
قىدىن مەھرۇم بولغۇچى.

سَاقِطُ قَيْدٍ: نوپۇس دەپتىرىگە چۈشمىگەن.

سَاقِطَةٌ ج سَاقِطَاتٌ: چۈشكۈن، رەزىل، پەس،
ئىپلاس.

اِمْرَأَةٌ سَاقِطَةٌ: پەسكەش ئايال، شەرمەندە ئايال،
بۇزۇق ئايال، جالاپ.

«لِكُلِّ سَاقِطَةٍ لَاقِطَةٌ»: هەرقانداق ناچار نەرسە-
نىمۇ ئىشلىتىدىغان ئادەم چىقىدۇ، تۆشۈك
مارجان يەردە قالمايدۇ.

سَاقُورٌ ج سَوَاقِيرُ: ئىسسىق؛ قىزىتىپ داغلاشقا
ئىشلىتىدىغان تۆمۈر.

سَاقُوطَةُ الْبَابِ: ئىلغۇچ، تاقاق، دەم، كىلىتالك.

سَاقَى يُسَاقِي مُسَاقَاةً: بىللە ئىچىشتى.

سَاقٍ ج سُقَاةٌ: سۇغارغۇچى، شاراب تۇتۇپ بەرگۈ-
چى، ساقى، مەي قۇيۇپ بەرگۈچى؛ مەيپۇرۇش.

سَاقِيَةٌ ج سَوَاقٍ و سَاقِيَاتٌ: ئايال شاراب بەرگۈچى، مەيخانا ئايال مۇلازىمەتچىسى، قاۋاقخانىنىڭ ئايال كۈتكۈچىسى، ساقىيە؛ سۇ چىقىرىش ماشىنىسى.

سَاكَ يَسُوكُ سَوْكًا وَسِوَاكًا الشَّيْءَ: نەرسىنى سۈرتۈپ تازىلىدى، ئىشقىدى.

سَاكَ الْأَسْنَانَ: چىشنى چوتكىلىدى.

سَاكِبُ الْمَاءِ: سۇ تۆككۈچى، سۇ قۇيغۇچى.

سَاكِتٌ: جىم تۇرغۇچى، سۈكۈت قىلغۇچى، كەم سۆز، جىمغۇر، ئۈندىمەس.

سَاكِرٌ: توختام سۇ.

لَيْلٌ سَاكِرٌ: شامالسىز تىنجىق كېچە، تىنجىق.

سَاكِعٌ: مۇساپىر.

سَاكِفٌ ج سَوَاكِفُ: ئىشىكنىڭ ئۈستى.

سَاكَنَ يُسَاكِنُ مُسَاكَنَةً: بىللە تۇردى.

سَاكَنَهَا: نىكاھسىز ئەر ـ خوتۇن بولۇشتى.

«سَاكَنْتُ زَمِيلِي هَذَا سَنَةً كَامِلَةً» : بۇ ساۋاقدىشىم بىلەن تولۇق بىر يىل بىللە تۇردۇم.

سَاكِنٌ ج سَاكِنُونَ وَ سُكَّانٌ: تۇرغۇچى، يەرلەشكۈچى، ئولتۇراقلاشقۇچى، ئاھالە.

سَاكِنُ الْجِنَانِ: جەننەتتە تۇرغۇچى، جەننەتتى.

«كَانَ الْمَاءُ سَاكِنًا» : سۇ تۇرغۇن ئىدى.

حَرْفٌ سَاكِنٌ: ساكىنلىق ھەرپ.

لَايُحَرِّكُ سَاكِنًا: ھېچ نەرسە قىلمايدۇ.

«هَلْ أَنْتَ مِنْ سُكَّانِ هَذِهِ الْبِنَايَةِ» : سەن بۇ ئىمارەتتە تۇرغۇچىلاردىن بولامسەن؟ (سەن بۇ ئىمارەتتە تۇرامسەن؟)

سَاكُوتٌ: جىمغۇر، گېپىم قىممەت، مۆرىمەس، كەم سۆز، ئۈندىمەس.

سَاكُوتَةٌ: جىمغۇر، كەم سۆز.

سَالَ يَسَالُ سُوَالاً وَ سَوَالاً: سورىدى، تەلەپ قىلدى، سۈرۈشتۈردى.

سَالَ يَسِيلُ سَيْلاً وَ سَيَلاَنًا وَ مَسِيلاً وَمَسَالاً الْمَاءُ: سۇ ئاقتى، سىڭدى.

«أَنْزَلَ مِنَ السَّمَاءِ مَاءً فَسَالَتْ أَوْدِيَةٌ بِقَدَرِهَا» (قرآن) : ئاللاھ ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇردى، (يامغۇر سۈيى) جىلغىلاردا لىپمۇ لىق ئاقتى.

سَالَ الْوَادِي أَوِ النَّهْرُ أَوِ السَّيْلُ وَ نَحْوُ ذَلِكَ: ۋادىدا ياكى دەريادا سۇ ئاقتى.

سَالَ أَنْفُهُ: بۇرنى قانىدى.

سَالَ لُعَابُهُ عَلَيْهِ: ئىرىشكۈسى كېلىپ شۆلگەيلىرى ئېقىپ كەتتى، قولغا كەلتۈرۈشنى ئويلىدى.

سَالِبٌ: سەلبىي؛ بۇلاڭچى، تارتىۋالغۇچى، تالان ـ تاراج قىلغۇچى.

شَحْنَةٌ كَهْرِبَائِيَّةٌ سَالِبَةٌ: مەنپىي ئېلېكتر.

سَالِجٌ: قوراللىق، قورال كۆتۈرگۈچى.

سَالِخٌ: قاقاچ، قوتۇر، قىچىشقاق.

سَالِسٌ: يۇمشاق، مۇلايىم، بويسۇنغاق، ياۋاش.

سَالِفٌ ج سَلَفٌ وَ سُلَّافٌ وَ سَوَالِفُ: ئالدىدىكى، ئىلگىرىكى، ئۆتكەنكى، بۇرۇنقى، ئۆتمۈشتىكى ئىش، بۇرۇنقى ئىش.

سَالِفُ الذِّكْرِ: يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان.

فِي سَالِفِ الزَّمَانِ: قەدىمكى زاماندا، قەدىمكى ۋاقىتتا، ئۆتمۈشتە.

سَالِفًا: ئۆتكەندە، ئىلگىرىكى، ئۆتكەندىكى، يۇقىرىدا، بۇرۇن.

«حَدَثَ هَذَا فِي الْأَيَّامِ السَّالِفَةِ» : بۇ ئۆتكەن چاغلاردا يۈز بەردى.

سَالِفُ الْعَرُوسِ: بىدەش، رەيھان.

سَالِفَةٌ ج سَوَالِفُ: بويۇننىڭ يان تەرىپى؛ ئۆتكەندىكى ئىش.

سَالِفَتَانِ: بويۇننىڭ ئىككى يېنى.

سَالِقَةٌ مِنَ النِّسَاءِ ج سَوَالِقُ: مۇسىبەت يەتكەن چاغدا ئاللاھ ـ توۋا كۆتۈرۈپ يۈزىنى تاتىلايدىغان ئايال.

سَالَمَ يُسَالِمُ مُسَالَمَةً: ئەپلەشتى، ياراشتى، تىنچلىقتا بىللە تۇردى، سۈلھى قىلىشتى.

«سَالَمَ خَصْمَهُ بَعْدَ عَدَاءٍ دَامَ سَنَوَاتٍ» : بىر قانچە يىل داۋاملاشقان دۈشمەنلىكتىن كېيىن رەقىبى بىلەن ئەپلىشىۋالدى.

سَالِمٌ ج سَالِمُونَ: ساغلام، بىجىرىم، ساق - سالامەت؛ تىنچ؛ تولۇق.

«عَادَ مِنَ الْحَرْبِ سَالِمًا»: ئۇرۇشتىن سالامەت قايتىپ كەلدى.

جَمْعٌ سَالِمٌ: ئىسىملارنىڭ بىرلىك شەكلىگە مەلۇم ھەرپلەرنى قوشۇش بىلەن ياسىلىدىغان كۆپلۈك شەكلى.

فِعْلٌ سَالِمٌ: تەركىبىدە ھەرپى ئىللەت، ھەمزە ۋە تەكرار ھەرپ بولمىغان پېئىل.

سَامَ يَسُومُ سَوْمًا وَسُوَامًا الْأَمْرَ: ئىشنى تاپشۇردى، بۇيرىدى ۋەزىپە قىلىپ ئارتتى، زورلىدى، تەكلىپ قىلدى.

«لَا يَسُومُ أَحَدُ كُمْ عَلَى سَوْمِ أَخِيهِ» «حديث»:

سىلەرنىڭ بىرىڭلار قېرىندىشى سودىلىشىپ ئېلىۋاتقان مالنى تالاشمىسۇن.

سَامَ الْبَضَائِعَ: مالنى كۆرگەزمىگە قويدى، بازارغا سالدى، تىزدى، تىزىپ قويدى.

سَامَهُ خَسْفًا: ئۇنى خارلىدى، ئازابلىدى، زۇلۇم سالدى.

سَامَهُ الْمَذَلَّةَ: ئۇنىڭغا خارلىقنى تېتىتتى، ئۇنى ھاقارەتلىدى.

«وَإِذْ أَنْجَيْنَا كُمْ مِنْ آلِ فِرْعَوْنَ يَسُومُونَكُمْ سُوءَ الْعَذَابِ» «قرآن»: ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى قاتتىق قىيناپ كېلىۋاتقان پىرئەۋن گۇرۇھىدىن سىلەرنى قۇتقۇزدۇق.

سَامَ الْمَاشِيَةَ فِي الْمَرْعَى: مالنى ئەركىن ئوتلاشقا قويۇپ بەردى.

سَامَتِ الْمَاشِيَةُ: مال ئەركىن ئوتلىدى.

سَامٌ: نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى.

سَامَتَ يُسَامِتُ مُسَامَتَةً: روبىرو بولدى، ئۇدۇلمۇئۇدۇل بولدى، يۈزلەشتى.

سَامَتَتِ الشَّمْسُ رَأْسَهُ: قۇياش ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلدى.

سَامَةٌ: ئۆلۈم؛ زىخچە ئالتۇن ياكى كۈمۈش؛ قۇدۇق ئۈستىدىكى ئورەك.

سَامَحَ يُسَامِحُ مُسَامَحَةً: كەچۈردى، ئەپۇ قىلدى، كەڭ قورساقلىق قىلدى.

سَامَحَ بِذَنْبِهِ: گۇناھىنى كەچۈردى.

«عَاقِبْ ثَلَاثَةً مِنَ الْمُذْنِبِينَ وَسَامِحْ وَاحِدًا لِصِغَرِ سِنِّهِ»: جىنايەتچىلەردىن ئۈچىنى جازالىدى، يېشى كىچىك بولغانلىقىدىن بىرنى كەچۈرۈم قىلدى.

سَامَحَكَ اللّٰهُ: ئاللاھ سېنى مەغپىرەت قىلغاي، ئاللاھ سېنى كەچۈرگەي.

سَامَحَهُ فِي الْأَمْرِ و بِالْأَمْرِ: ئۇنىڭغا ئىشتا كەڭ قوساقلىق قىلدى.

سَامِدٌ: گالۋاڭ، بىغەرەز؛ تولدۇرۇلغان؛ مۇتەكەببۇر، ھاكاۋۇر.

وِعَاءٌ سَامِدٌ: تولدۇرۇلغان قاچا.

«وَتَضْحَكُونَ وَلَا تَبْكُونَ وَأَنْتُمْ سَامِدُونَ» «قرآن»: كۈلەمسىلەر، يىغلامسىلەر؟ سىلەر غاپىلدۇرسىلەر.

سَامَرَ يُسَامِرُ مُسَامَرَةً: كېچىدە پاراڭلاشتى.

سَامِرٌ ج سُمَّرٌ وَ سُمَّارٌ: كېچىدە پاراڭلاشقۇچى، كېچىدە مۇڭداشقۇچى.

أَحْيَا السَّامِرَ: كەچلىك ئولتۇرۇش قىلدى.

«مُسْتَكْبِرِيْنَ بِهِ سَامِرًا تَهْجُرُوْنَ» «قرآن»: ئۇلار (ھەرەم ئەھلى بولغانلىقى بىلەن) پەخىرلىنىپ ئىماندىن يۈز ئۆرۈيدۇ، كەچلىك پاراڭلىرىدا يامان سۆزلەرنى قىلىدۇ.

اَلسَّامِرَةُ: بەزىلەرنىڭ ئەقىدىلىرىدە يەھۇدىلار بىلەن ئورتاقچىلىقى بولغان ۋە بەزىلىرىدە پەرقلىنىدىغان قەۋمنىڭ نامى.

سَامِرِيٌّ: سامىرىلىق، سامىرىگە مەنسۇپ ئادەم ياكى نەرسە.

«قَالَ فَإِنَّا قَدْ فَتَنَّا قَوْمَكَ مِنْ بَعْدِكَ وَأَضَلَّهُمُ السَّامِرِيُّ» «قرآن»: ئاللاھ ئېيتتى: «سەندىن (يەنى سەن كەتكەندىن) كېيىن قەۋمىڭنى ھەقىقەتەن سىنىدۇق، ئۇلارنى سامىرى ئازدۇردى».

سَامِعٌ ج سُمَّاعٌ و سَمَعَةٌ و سَامِعُونَ م سَامِعَةٌ: ئاڭلىغۇچى، قۇلاق سالغۇچى، ئىشىتكۈچى.

اَلسَّامِعَانِ: ئىككى قۇلاق.

سَامِعُونَ: ئاڭلىغۇچىلار، تىڭشىغۇچىلار، (لېكسىيە، دوكلات ئاڭلىغۇچىلار).

أُذُنٌ سَامِعَةٌ: ئىتتىك قۇلاق، ئۇزۇن قۇلاق.

سَامِقٌ ج سَمِقٌ: ئېگىز، ئۇزۇن، كاتتا، قەد كۆتىرىپ تۇرغان، تەۋرەنمەي تىك تۇرغان.

بِنَاءٌ سَامِقٌ: ئېگىز بىنا.

شَجَرٌ سَامِقٌ: ئېگىز دەرەخ.

سَامٌّ ج سَوَامٌّ: زەھەرلىك نەرسە.

«هَذَا النَّوعُ مِنَ النَّبَاتِ سَامٌّ» : بۇ خىل ئۆسۈملۈك زەھەرلىكتۇر.

ثُعْبَانٌ سَامٌّ: زەھەرلىك يىلان.

سَامٌّ أَبْرَصَ: پاتمىچۇق.

غَازَاتٌ سَامَّةٌ: زەھەرلىك گازلار.

سَامِنٌ: سېمىز.

سَامُورٌ: ئالماس، بىرلىيانت.

سَامَى يُسَامِي مُسَامَاةً: پەخىرلەندى، بىرىنچىلىكنى تالاشتى.

سَامٍ ج سُمَاةٌ و سَامُونَ م سَامِيَةٌ ج سَامِيَاتٌ وَ سَوَامٍ: ئالىي، يۈكسەك، ئېسىل، ئالىيجاناب.

أَمْرٌ سَامٍ: پادىشاھانە ئەمر – پەرمان.

رَجُلٌ سَامِي الأَخْلَاقِ: يۈكسەك ئەخلاقلىق ئادەم.

سَامِيَةٌ: سام تىلى.

اَلسَّامِيَةُ الأُمُّ: ئېپتىدائىي سام تىلى.

اَللُّغَاتُ السَّامِيَةُ: سامى تىللار.

سَامِيٌّ: سام ئۇرۇقىغا مەنسۇپ، سام تىلىغا مەنسۇپ.

اَلْمَقَامُ السَّامِي: پادىشاھ ياكى ئەمىرلەرنىڭ ئورنى ياكى دەرىجىسى.

اَلْمَنْدُوبُ السَّامِي: تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىل (جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ مۇستەملىكە دۆلەتلەردە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى).

سَانِحٌ ج سَوَانِحُ م سَانِحَةٌ ج سَانِحَاتٌ: پۇرسەت، پەيت، غەنىيمەت ۋاقىت، ياخشى پەيت، ياخشى پۇرسەت.

سَوَانِحُ الظُّرُوفِ: ياخشى پۇرسەت، پايدىلىق شارائىت.

اَلْفُرْصَةُ السَّانِحَةُ: ياخشى پۇرسەت، پايدىلىق پەيت.

السَّانِحَةُ: تاسادىپىي مەيدانغا چىققان ئىدىيە، ئۇشتۇمتۇت كاللىغا كەلگەن پىكىر، ئىلھام.

سَانَدَ يُسَانِدُ مُسَانَدَةً: ياردەملەشتى، قوللاشتى.

«كَانَ بِحَاجَةٍ إِلَى الْمُسَانَدَةِ فِي مِحْنَتِهِ فَسَانَدْتُهُ» : بېشىغا كۈن كېلىپ ياردەمگە موھتاج بولۇپ قاپتىكەن، مەن ئۇنىڭغا ياردەم بەردىم.

سَانِعٌ: نازۇك، نازاكەتلىك، ئەۋرىشىم، چىرايلىق، يۇمشاق، يۇمران؛ ساھىبجامال.

سَانَهَ يُسَانِهُ مُسَانَهَةً الرَّجُلَ: بىر يىللىق ئىشچى ياللىدى، بىر يىللىق ياللاپ ئىشلەتتى، بىر يىللىق توختام تۈزدى.

سَانَهَ النَّخْلَةُ: خورما يىل ئاتلاپ مېۋە بەردى.

سَانَى يُسَانِي مُسَانَاةً الرَّجُلَ: كېلىشىم تۈزۈشتى، بىر يىللىق توختام تۈزدى، بىر يىللىق ياللىدى.

سَانِيَةٌ ج سَوَانٍ: سۇ چاقپىلىكى، سۇ چىغىرىقى؛ سۇ چاقپىلىكىگە قوشۇلغان تۆگە.

سَاهِدٌ: ئۇيقۇسى قاچقان، ئۇيقۇسىز.

سَاهِرٌ ج سُهَّارٌ، سَهْرَانٌ: ئۇخلىماي تاڭ ئاتقۇزغۇچى، تۈنىگۈچى.

سَاهِرَةٌ: يەر يۈزى، كەڭ زېمىن، يەر – جاھان؛ مەھشەرگاھ؛ كېچىچە يېنىقلىق تۇرىدىغان كېچىلىك لامپۇچكا.

«فَإِذَا هُمْ بِالسَّاهِرَةِ» «قرآن» : ئۇلار (جەمى خالايىق) (يەر ئاستىدىن) زېمىن ئۈستىگە چىقىپ قالىدۇ.

سَاهِقٌ: ھالاك بولغۇچى؛ قاتتىق تەشنا بولغۇچى؛ چىرايى ئۆڭۈپ كەتكۈچى.

سَاهِكٌ: كۆز ئاغرىقى.

سَاهِكَةٌ ج سَوَاهِكُ: قاتتىق بوران.

سَاهَلَ يُسَاهِلُ مُسَاهَلَةً: يول قويدى، كەڭچىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلدى، ئىختىيارىغا قويۇۋەتتى.

سَاهَمَ يُسَاهِمُ مُسَاهَمَةً: چەك تارتتى، چەك تاشلىدى.

«فَسَاهَمَ فَكَانَ مِنَ الْمُدْحَضِينَ» «قرآن» : ئۇلار چەك تاشلاشتى، يۇنۇس (چەكتە) مەغلۇپ بولغانلاردىن بولۇپ (دېڭىزغا تاشلاندى).

سَاهَمَ فِي الشَّيْءِ أَوِالْأَمْرِ: قاتناشتى.

«سَاهَمُوا جَمِيعًا فِي الدِّفَاعِ عَنِ الْمَدِينَةِ»: شەھەرنى قوغداشقا ھەممەيلەن قاتناشتى.

سَاهِمٌ: ئاجىز، زەئىپ، ھالسىز.

«رَأَيْتُهُ سَاهِمًا فَسَأَلْتُهُ عَمَّا بِهِ»: ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، نىمە بولغانلىقىنى سورىدىم.

سَاهِمَةٌ ج سَوَاهِمُ: ئاجىز ئورۇق تۆگە.

«لَهَا عَيْنَانِ سَاهِمَتَانِ»: ئۇنىڭ ئىككى كۆزى نۇرسىز ئىدى.

سَاهُورٌ: ئاي قوتىنى؛ ئاي گەردىشى (ئاي ئەتراپىدىكى ئاق ياكى رەڭدار چەمبەرلەر).

سَاهٍ ج سُهَاةٌ وَ سَاهُونَ: سەۋەنلىك قىلغۇچى سەل قارىغۇچى، دىققەتسىز، غەپلەتتە قالغۇچى، پەلپەتىش، بىپەرۋا.

«فَوَيْلٌ لِلْمُصَلِّيْنَ الَّذِيْنَهُم عَنْصَلاَتِهِمْسَاهُوْنَ»

‹قرآن›: شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ.

سَاهَى يُسَاهِي مُسَاهَاةً الرَّجُلَ: بىخەستەلىك قىلدى، بىپەرۋارلىق قىلدى.

سَاوَدَ يُسَاوِدُ مُسَاوَدَةً: ئالدامچىلىق قىلدى، ساختىپەزلىك قىلدى؛ قاراڭغۇ كېچىدە ئۇچراشتى؛ رەڭگى قارىلىقتا بېسىپ چۈشتى؛ مەرتىۋىدە ئۈستۈنلۈك قازاندى؛ پىچىرلاشتى.

سَاوَدَ الْأَسَدَ: شىرنى قوغلىۋەتتى، شىرنى ھەيدىۋەتتى.

سَاوَرَ يُسَاوِرُ مُسَاوَرَةً: ھۇجۇم قىلدى، شىددەت بىلەن ئېتىلدى، زەربە بەردى.

سَاوَرَتْهُ الْهُمُومُ: ئۇنى غەم بېسىۋالدى.

سَاوَسَ يُسَاوِسُ مُسَاوَسَةً الطَّعَامَ: ئاشلىققا قۇرت چۈشتى.

سَاوَعَ يُسَاوِعُ مُسَاوَعَةً: ياللىدى، ياللاپ ئىشلەتتى، كىرا قىلدى، كىراغا ئالدى.

سَاوَمَ يُسَاوِمُ مُسَاوَمَةً بِالسِّلْعَةِ: سودىلاشتى، باھاسىنى تالاشتى، تالاش - تارتىش قىلدى.

«هَذَا الرَّجُلَ يُسَاوِمُ وَلاَ يَشْتَرِي»: بۇ كىشى باھا تالىشىدىۇ، سېتىۋالمايدۇ.

سَاوَى يُسَاوِي مُسَاوَاةً: تەڭلەشتى، باراۋەر بولدى.

«حَتَّى إِذَا سَاوَى بَيْنَ الصَّدَفَيْنِ قَالَ انْفُخُوا»: (تۆمۈر پارچىلىرى دۆۋىلىنىپ) ئىككى تاغنىڭ ئارىسى تەكشى بولغاندا، كۆيۈكلەرنى بېسىڭلار.

سَاوَاهُ بِغَيْرِهِ: باراۋەر قىلدى؛ ئۇنى باشقىسىغا تەڭلەشتۈردى.

سَاوَى بَيْنَهُمَا: تەرتىپكە سالدى، رەتكە سالدى، ئۇلارنى باراۋەر قىلدى، ئەپلەشتۈردى.

«هَذَا الْخَطُّ يُسَاوِي ذَاكَ فِي الطُّولِ»: بۇ سىزىقنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۇ سىزىقنىڭكى بىلەن باراۋەر.

«هَذَا الْكِتَابُ يُسَاوِي وَزْنَهُ ذَهَبًا»: بۇ كىتابنىڭ ۋەزنى ئالتۇنغا باراۋەر تۇرىدۇ.

سَايَرَ يُسَايِرُ مُسَايَرَةً: بىرگە ماڭدى، بىرگە يۈردى، ھەمسەپەر بولدى.

سَايَرَ الظُّرُوفَ: شارائىتقا ماسلاشتى.

سَايَرَهُ: ماسلاشتى، رايىغا باقتى، مادارا قىلدى، يول قويدى، ئۆز مەيلىگە قويدى.

سَايَسَ يُسَايِسُ مُسَايَسَةً الْقَوْمَ: ئىدارە قىلدى، باشقۇردى.

سَايَفَ يُسَايِفُ مُسَايَفَةً: قىلىچۋازلىق قىلدى، قىلىچۋازلىق قىلىشتى، قىلىچۋازلىق جېڭى قىلىشتى.

سَايَلَ يُسَايِلُ مُسَايَلَةً: سورىدى، سۈرۈشتۈردى.

سَائِبٌ م سَائِبَةٌ ج سُيَّبٌ و سَوَائِبُ: قويۇپ بېرىلگەن، تاشلىۋېتىلگەن، ئەركىن، ئازاد، يېشىۋېتىلگەن؛ ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىلگەن ھايۋان، جاھىلىيەت دەۋرىدە ئىلاھلارغا ۋەخپە قىلىنىپ مەيلىگە قويۇپ بېرىلگەن تۆگە.

ضِلْعٌ سَائِبٌ: تاشلىۋېتىلگەن قوۋۇرغا، چۆرۈۋېتىلگەن.

سَائِحٌ: ئاققۇچى، ئېرىگۈچى.

سَائِحٌ ج سُيَّاحٌ وَ سَائِحُونَ: ساياھەتچى، سەيلە قىلغۇچى.

سَائِدٌ ج سَادَةٌ وَ سَادَاتٌ: ئۈستۈنلۈك، قازانغۇچى، غەلىبە قىلغۇچى، كۆزگە كۆرۈنگەن، مۇھىم؛ ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى، ئەپەندى، خوجايىن، باشلىق، داڭدار، ئىدارە قىلغۇچى، ھۆكۈمران.

سَائِرٌ: ماڭغۇچى، يۆتكەلگۈچى، ھەرىكەتلەنگۈچى، ئىلگىرىلىگۈچى، ئاققۇچى؛ ئاشقان، قالدۇق، ئاشقان ـ تاشقان.

اَلْمَثَلُ السَّائِرُ: ئېقىپ يۈرگەن تەمسىل، كەڭ تارقالغان تەمسىل.

سَائِرٌ عَلَى الْأَقْدَامِ: پىيادە ماڭغۇچى.

«عَادُوا إِلَى بُيُوتِهِمْ سَائِرِينَ عَلَى أَقْدَامِهِمْ» : ئۇلار پىيادە مېڭىپ ئۆيلىرىگە قايتمىشتى.

سَائِرُ الشَّيْءِ: نەرسىنىڭ قالغىنى، قوشۇمچە، ئارتۇقچە.

سَائِرُ النَّاسِ: ھەممە ئادەم، بارلىق كىشىلەر.

«حَضَرَ الْحَفْلَ سَائِرُ أَفْرَادِ الْأُسْرَةِ» : مۇراسىمغا ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى قاتناشتى.

سَائِسٌ ج سَاسَةٌ وَ سُوَّاسٌ: باشقۇرغۇچى، مۇدىر، دىرېكتور، مەمۇرىي ئادەم؛ سىياسەتچى، سىياسىيون؛ خىزمەتچى.

سَائِسُ الدَّوَابِّ: ئات باقار، ئات باققۇچى، پادىچى، مالچى.

سَائِسُ الطَّيَّارَةِ: ئايروپىلان يول باشلىغۇچىسى.

سَائِغٌ. سَيِّغٌ وَ أَسْوَاغٌ: لەززەتلىك، مېزىلىك؛ جائىز، مۇباھ.

«هَذَا عَذْبٌ فُرَاتٌ سَائِغٌ شَرَابُهُ» ‹قۇرئان› : بۇنىڭ (يەنى دەريانىڭ) سۈيى تاتلىق، تەملىك بولۇپ (گالدىن) سىلىق ئۆتىدۇ.

«هَذَا التَّصَرُّفُ لَيْسَ سَائِغًا» : بۇ ھەرىكەت يوللۇق ئەمەس.

سَائِقٌ ج سَاقَةٌ وَ سُوَّاقٌ وَ سَائِقُونَ: ھەيدىگۈچى، شوپۇر.

سَائِقُ السَّيَّارَةِ: ماشىنا شوپۇرى.

سَائِقُ الْقِطَارِ: پويىز ھەيدىگۈچى.

سَائِقُ الطَّائِرَةِ: لىيوتچىك، ئۇچقۇچى.

سَائِلٌ ج سَائِلُونَ وَ سُؤَّلٌ وَسَأَلَةٌ: سورىغۇچى، سوئال سورىغۇچى، تىلەمچى، سائىل، سۇيۇقلۇق، ئاقار جىسىم.

«وَأَمَّا السَّائِلَ فَلَا تَنْهَرْ» ‹قۇرئان› : سائىلغا قوپاللىق قىلما.

«وَفِي أَمْوَالِهِمْ حَقٌّ لِلسَّائِلِ وَالْمَحْرُومِ» ‹قۇرئان› : ئۇلارنىڭ پۇل ـ ماللىرىدا سائىللار ۋە موھتاجلار ھوقۇقتا ئىگە ئىدى.

سَائِلٌ ج سُيُولٌ وَ سَوَائِلُ: ئاققۇچى، سۇيۇقلۇق، سۇيۇقلۇق جىسىم، ئاقار جىسىم.

سَوَائِلُ الْوُقُودِ: يېقىلغۇ سۇيۇقلۇقى، كۆيىدىغان سۇيۇقلۇق.

«اَلْمَاءُ وَالزَّيْتُ مِنَ السَّوَائِلِ» : سۇ ۋە ماي سۇيۇقلۇق ماددىغا كىرىدۇ.

سَائِمٌ م سَائِمَةٌ ج سَوَائِمُ: سەرگەردان؛ ئوتلاقتا بېقىلىغان چارۋا، چارۋا، چارۋا ـ مال، ئۆي ھايۋانلىرى.

كَلْبٌ سَائِمٌ: لالما ئىت.

سَامَّةٌ: زەھەرلىك، ئىچى پۇشماق.

سُؤَالٌ ج أَسْئِلَةٌ و سُؤَالَاتٌ: تىلەك، ئارزۇ، ئۈمىد؛ سوراق، سوئال، تەلەپ.

«أَجَابَ الرَّئِيسُ عَنْ أَسْئِلَةِ الصَّحَفِيِّينَ بِصَرَاحَةٍ» : رەئىس مۇخبىرلارنىڭ سوئاللىرىغا ئوچۇق جاۋاب بەردى.

«شَمَلَتْ وَرَقَةُ الاِمْتِحَانِ أَسْئِلَةً صَعْبَةً» : ئىمتىھان قەغىزى قىيىن سوئاللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

سَئَّالٌ: كۆپ سورايدىغان ئادەم، تولا سوئال سورايدىغان ئادەم.

سَأَبَ يَسْأَبُ سَأْبًا: بوغۇپ ئۆلتۈردى، ئېسىپ ئۆلتۈردى.

سَأْبٌ ج سُئُوبٌ: چوڭ تۇلۇم.

سُؤْبَانٌ: مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا ماھىر.

سَأَرَ يَسْأَرُ سَأْرًا الشَّارِبُ: سۇ ئىچكۈچى سۇنى ئاشۇرۇپ قويدى، قالدۇرۇپ قويدى.

سَئِدَ يَسْأَدُ سَأَدًا الْجُرْحُ: يارا يېرىلدى، يارا ئېغىز ئالدى.

سَئِرَ يَسْأَرُ سَأْرًا الشَّيْءُ: نەرسە ئېشىپ قالدى، قالدۇق بولۇپ قالدى.

سُؤْرٌ ج آسَارٌ: ئېشىپ قالغان سۇ، بىر نەرسىنىڭ ئېشىپ قالغىنى.

سَأْسَأَ يُسَأْسِئُ سَأْسَأَةً بِالْحِمَارِ: ئېشەكنى ھەيدىدى.

سَأْسَأَ الْمَاءُ: سۇ ئاقتى.

سَأَقَ يَسْأَقُ سَأْقًا يَدَهُ: قولى يېرىلىپ كەتتى.

سَأَقٌ: خورما يوپۇرمىقى؛ قۇيرۇق تۈكى.

سَأَلَ يَسْأَلُ سُؤَالاً وَ مَسْأَلَةً عَنْ أَمْرٍ وَبِهِ: سورىدى، سۈرۈشتۈردى، دېرىكىنى قىلدى.

«وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِي عَنِّي فَإِنِّي قَرِيبٌ» «قرآن»: مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرىلىق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن.

«يَسْأَلُكَ النَّاسُ عَنِ السَّاعَةِ قُلْ إِنَّمَا عِلْمُهَا عِنْدَ اللَّهِ» «قرآن»: كىشىلەر سەندىن قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى سورايدۇ. «ئۇنى (مەن بىلمەيمەن) پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ» دېگىن.

سَأَلَ الشَّخْصَ الشَّيْءَ: بىر نەرسە بېرىشنى سورىدى، تەلەپ قىلدى.

«قُلْ لاَ أَسْأَلُكُمْ عَلَيْهِ أَجْرًا» «قرآن»: «سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن».

سَأَلَ عَنْ حَالِهِ: ئۇنىڭ ھالىنى سورىدى، ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدى.

سَأَلَ الشَّخْصَ: سەدىقە تىلىدى.

«سَأَلَ الْمُحْتَاجُ الْبَخِيلَ فَلَمْ يُعْطِهِ شَيْئًا»: ھاجەتمەن ئادەم بېخىلدىن بىر نەرسە سورىۋىدى، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە بەرمىدى.

سُولٌ. سُؤْلَةٌ: تەلەپ قىلىنغان نەرسە، سورالغان نەرسە، سوئال قىلىنغان نەرسە، سورىلىدىغان نەرسە.

«قَالَ قَدْ أُوتِيتَ سُؤْلَكَ يَا مُوسَى» «قرآن»: ئاللاھ ئېيتتى: «ئى مۇسا! سېنىڭ سورىغان نەرسىلىرىڭ ساڭا بېرىلدى.»

سَئِمَ يَسْأَمُ سَأْمًا وَسَآمَةً الشَّيْءَ: رايى يېنىپ كەتتى، كۆڭلى قايتتى، زېرىكتى.

«يُسَبِّحُونَ لَهُ بِاللَّيْلِ وَالنَّهَارِ وَهُمْ لاَ يَسْأَمُونَ» «قرآن»: ئۇلار كېچە ـ كۈندۈز ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ. ئۇلار مالال بولۇپ قالمايدۇ.

سَأْمٌ: زېرىكمەك، ئىچى پۇشماق.

سَئُولٌ: كۆپ سورايدىغان ئادەم، تولا سوئال سورايدىغان ئادەم.

سَئُومٌ ج سَئُومُونَ: زېرىككەك ئادەم.

«طِلْرٌ رَؤُومٌ خَيْرٌ مِنْ أُمٍّ سَؤُومٍ»: زېرىككەك ئانىدىن مېھرىبان ئىنىك ئانا ياخشى.

سَبَأَ يَسْبَأُ سَبَأً الْجِلْدَ: تېرىنى سويدى.

سَبَأَ الْجِلْدَ بِالنَّارِ: تېرىنى كۆيدۈردى، قۇيقۇلىدى.

سَبَأَ الْخَمْرَ: ھاراق سېتىۋالدى.

سَبَأَ الرَّجُلَ: قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

سَبَأٌ: سەبە (قەدىمكى يەمەن قەبىلىسىنىڭ ئىسمى) بىلقىسنىڭ يۇرتىنىڭ ئىسمى.

«وَجِئْتُكَ مِنْ سَبَإٍ بِنَبَإٍ يَقِينٍ» «قرآن»: ساڭا مەن سەبەئدىن (يەمەندىكى سەبەشەھىرىدىن) بىر مۇھىم خەۋەر ئېلىپ كەلدىم.

سِبَاءٌ: ھاراق؛ ھاراق سېتىۋالماق.

سَبَاءٌ: كەلكۈندە توپلىشىپ قالغان شاخ ـ شۇمبا.

تَفَرَّقُوا أَيْدِي سَبَإٍ: چېچىلىپ كەتتى، بۆلۈنۈپ كەتتى، تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى، تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى، تەرەپ ـ تەرەپكە پېتىراپ كەتتى.

سِبَابٌ: تىللاشماق.

سُبَاتٌ: ئارام ئېلىش، راھەت؛ ھوشسىزلىق (تېببىيدا)؛ ھايۋاناتلارنىڭ ئۈچەككە كىرىشى؛ ئۇيقۇ.

«وَجَعَلْنَا نَوْمَكُمْ سُبَاتًا» «قرآن»: ئۇيقۇنى سىلەرنىڭ (بەدىنىڭلار ئۈچۈن) راھەت قىلدۇق.

«اِسْتَيْقِظْ مِنْ سُبَاتِكَ»: ئۇيقۇڭدىن ئويغان.

إِبْنَا سُبَاتٍ: كېچە بىلەن كۈندۈز.

سُبَاتِيٌّ: بويۇن ئارتېرىيىسى، بويۇن قىزىل تومۇرى.

سِبَاحَةٌ: سۇ ئۈزمەك.

سِبَاحَةٌ حُرَّةٌ: ئەركىن سۇ ئۈزۈش.

حَمَّامُ السِّبَاحَةِ: سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى، سۇ ئۈزۈش كۆلى.

«مَعَ أَنَّ هُنَاكَ مَسْبَحًا فِي الْمَدْرَسَةِ إِلاَّأَنَّهُ يُفَضِّلُ السِّبَاحَةَ فِي النَّهْرِ»: مەكتەپتە سۇ ئۈزۈش كۆلى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ دەريادا سۇ ئۈزۈشنى ياخشى كۆرىدۇ.

سِبَاحَةٌ عَلَى الظَّهْرِ: ئارقىچىلاپ سۇ ئۈزۈش،

ئۈزۈشتە ئۈستۈنلۈك) ئۈچۈنسىغا سۇ ئۈزۈش.

سِبَاحَةٌ عَلَى الصَّدْرِ: پاقىچىلاپ سۇ ئۈزۈش.

سِبَاخٌ: ئوغۇت.

سُبَاطٌ: فېۋرال ئاي.

سُبَاطَةٌ ج سُبَاطَاتٌ: ئەخلەت دۆۋىسى، ئەخلەت تۆكىدىغان جاي.

سُبَاعِيٌّ: يەتتە ھەسسە، يەتتە بۇرجەك.

شَكْلٌ سُبَاعِيٌّ: يەتتە تەرەپلىك، يەتتە بۇلۇڭلۇق.

سُبَاعِيُّ الْأَحْرُفِ: يەتتە ھەرپلىك.

سِبَاقٌ: مۇسابىقىلەشمەك، بەيگە؛ باغلىماق، يەڭمەك، ئىلگىرىلىمەك.

سِبَاقُ الْقَوَارِبِ: قولۋاق مۇسابىقىسى.

سِبَاقُ الْمَرَاكِبِ: قېيىق مۇسابىقىسى.

حَلْبَةُ السِّبَاقِ: مۇسابىقە مەيدانى.

مَيْدَانُ السِّبَاقِ: بەيگە مەيدانى، مۇسابىقە مەيدانى.

سِبَاقُ الْخَيْلِ: ئات بەيگىسى.

سِبَاقُ التَّسَلُّحِ: ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسى.

مِقْوَسُ السِّبَاقِ: باشلىنىش نۇقتىسى، چىقىش نۇقتىسى، باشلانمىسى.

سِبَاكَةٌ: قۇيمىچىلىق سانائىتى.

سَبَبٌ ج أَسْبَابٌ: سەۋەب؛ ئارغامچا؛ ئۇسۇل؛ پەيت؛ مەنبە؛ غەرەز؛ ۋاسىتە؛ مۇناسىۋەت؛ يول.

«فَلْيَمْدُدْ بِسَبَبٍ إِلَى السَّمَاءِ ثُمَّ لْيَقْطَعْ» «قرآن»: ئۇ تورۇسقا ئارغامچا سىلىپ بوغۇلۇپ ئۆلسۇن.

«إِذْ تَبَرَّأَ الَّذِيْنَ اتُّبِعُوْا مِنَ الَّذِيْنَ اتَّبَعُوْا وَرَأَوُا الْعَذَابَ وَتَقَطَّعَتْ بِهِمُ الْأَسْبَابُ» «قرآن»: ئەينى ۋاقىتتا ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئازابنى كۆرۈپ، ئەگەشكۈچىلەردىن ئادا - جۇدا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى (يەنى دۇنيادىكى دوستلۇقى) ئۈزۈلىدۇ.

«لَيْسَ بَيْنِي وَبَيْنَهُ سَبَبٌ»: مەن بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا دوستلۇق يوق.

«مَا لِي إِلَيْكَ سَبَبٌ»: ماڭا سەن تەرەپكە يول يوق.

سَبَبٌ كَافٍ: يېتەرلىك سەۋەب.

سَبَبٌ وَاهٍ: ئەھمىيەتسىز سەۋەب، ئاساسسىز سەۋەب.

بِسَبَبٍ: نەتىجىسىدە.

بِسَبَبِ كَذَا: مەلۇم سەۋەب بىلەن.

«فَشِلْنَا بِسَبَبِ الْإِهْمَالِ»: بىپەرۋالىق نەتىجىسىدە مەغلۇپ بولدۇق.

«اَلْكَسَلُ وَالْإِهْمَالُ سَبَبَانِ مِنْ أَسْبَابِ الْفَشَلِ»: ھورۇنلۇق ۋە ئىشقا سەل قاراش مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبلىرىدىندۇر.

إِحْكَامُ أَسْبَابِ الصَّدَاقَةِ: دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملىمەك.

أَسْبَابُ السَّمَاءِ: ئاسماننىڭ شوتىلىرى.

تَقَطَّعَتْ بِهِمُ الْأَسْبَابُ: چارىسىز قالدى، ھېچقانداق ئامال تېپىلمىدى.

تَقَطَّعَتِ الْأَسْبَابُ بَيْنَهُمْ: ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈزۈلدى.

أَسْبَابُ الرَّاحَةِ: قولايلىق، ئوڭاي، ئاسان.

سَبَّ يَسُبُّ سَبًّا: تىللىدى، دەشنام بەردى.

«وَلَا تَسُبُّوا الَّذِينَ يَدْعُونَ مِنْ دُونِ اللّٰهِ» «قرآن»: مۇشرىكلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلىدىغان بۇتلىرىنى تىللىماڭلار.

سَبَّ الشَّيْءَ: كەستى، ئۈزدى.

سَبَّ الدَّابَّةَ: ئۇلاغنى توختاتتى.

سَبٌّ: تىللىماق، سۆكمەك، بوھتان قىلماق.

سَبَّاءٌ: ھاراق سودىگىرى، ھاراق ساتقۇچى.

سَبَّابٌ: تىللىغۇچى، قاغىغۇچى، دەشنام بەرگۈچى.

سَبَّابَةٌ ج سَبَّابَاتٌ: كۆرسەتكۈچ بارماق، بىگىز قول.

سَبَّاحٌ ج سَبَّاحُونَ: سۇ ئۈزگۈچى، سۇ ئۈزۈش تەنھەرىكەتچىسى.

«كَانَ سَبَّاحًا مَاهِرًا فَفَازَ فِي سِبَاقِ السِّبَاحَةِ»: ئۇ سۇ ئۈزۈش ماھىرى ئىدى، سۇ ئۈزۈش مۇسابىقىسىدە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

سَبَّاحَةٌ: كۆرسەتكۈچ بارماق.

سَبَّاقٌ ج سَبَّاقُونَ: ھەممىشە ئالدىنقى قاتاردا ئۇرغۇچى، (بەيگىدە)، ھەممىشە يېڭىپ چىققۇچى، دائىم ئۆزۈپ چىققۇچى، چېمپىيون؛ غالىب؛ يېڭىلمەس ئات.

«أَنْتَ سَبَّاقٌ إِلَى فِعْلِ الْخَيْرِ»: سەن ياخشى ئىشلاردا ھەممىنىڭ ئالدىدا.

سَبَّاقٌ فِي الْمُغَامَرَاتِ: نۇرغۇن خەۋپ - خەتەرلەرنى باشتىن كەچۈرگەن ئادەم.

سَبَّاكٌ ج سَبَّاكُونَ: قۇيمىچى (مەدەنلەرنى).

سَبَّبَ يُسَبِّبُ تَسْبِيبًا الْأَسْبَابَ: سەۋەبنى تاپتى.

سَبَّبَ الشَّخْصَ: كۆپ تىللىدى.

سَبَّبَ الْخَسَائِرَ: زىيان كەلتۈردى. زىيان سالدى.

سَبَّبَ مَجْرَى الْمَاءِ: ئېقىننى تۈزلىدى، رۇسلىدى.

سَبَّبَ الْأَمْرَ: ئىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، پەيدا قىلدى، سەۋەب بولدى.

سَبَّبَ الدِّينَ: دىننى تۆۋەنلەتتى، چۈشۈردى، قارا چاپلىدى (دىندا).

«سُرْعَةُ قِيَادَةِ السَّيَّارَةِ تُسَبِّبُ الْحَوَادِثَ»: ماشىنىنى تېز ھەيدەش ھادىسىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

سَبَّتَ يُسَبِّتُ تَسْبِيتًا: سىرىنى يوقاتتى.

سُبَّةٌ: قاغىماق، ئاھانەت قىلماق، ھاقارەتلىمەك، ئەيىب.

«اَلْهَرَبُ مِنَ الْمَعْرَكَةِ سُبَّةٌ»: جەڭ مەيداندىن قېچىش ئەيىبتۇر.

سَبَّحَ يُسَبِّحُ تَسْبِيحًا: تەسبىھ ئېيتتى، دۇئا قىلدى، ئىلتىجا قىلدى.

سَبَّحَ اللّٰهَ وَ لِلّٰهِ: ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتتى، ئاللاھنى ئۇلۇغلىدى، ئاللاھنى مۇقەددەس دەپ بىلدى، ئاللاھنى پاك دەپ بىلدى.

«سَبَّحَ لِلَّهِ مَا فِي السَّمٰوَاتِ وَالْأَرْضِ» ‹قرآن›: ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتتى.

سَبَّخَ يُسَبِّخُ تَسْبِيخًا: قاتتىق ئۇخلىدى.

سَبَّخَ عَنْهُ الشِّدَّةَ: ئۇنىڭدىن قاتتىقچىلىقنى يېنىكلەتتى.

سَبَّخَ الْفَلَّاحُ الْأَرْضَ: دېھقان يەرنى ئوغۇتلىدى.

سَبَّعَ يُسَبِّعُ تَسْبِيعًا الْحَامِلُ: ھامىلدار يەتتە ئايلىق تۇغدى.

سَبَّعَ الْمَوْلُودُ: بوۋاقنىڭ تۇغۇلغىنىغا يەتتە كۈن بولدى.

سَبَّعَ الْإِنَاءَ: قاچىنى يەتتە قېتىم يۇدى.

سَبَّعَ الشَّيْءَ: نەرسىنى يەتتىگە ئايلاندۇردى.

سَبَّعَتِ الْوَالِدَةُ: ئانىنىڭ تۇغقىنىغا بىر ھەپتە بولدى.

سَبَّعَتِ الْعَرُوسُ: قىز توي قىلغانغا بىر ھەپتە بولدى.

سَبِّعُوا: يەتتە يۈزنى تولۇقلاڭلار.

سَبَّقَ يُسَبِّقُ تَسْبِيقًا: باشقىلاردىن بۇرۇن قىلدى، باشقىلارنىڭ ئالدىدا تۇردى، ئۆزۈپ كەتتى.

سَبَّكَ يُسَبِّكُ تَسْبِيكًا الْمَعْدَنَ: قۇيدى، قۇيۇپ ياسىدى.

سَبَّكَ الطَّبْخَ: سەي قورىدى، تەمىنى تەڭشىدى.

سَبَّكَ الطَّاهِي الطَّعَامَ: ئاشپەز تاماقنىڭ تۇز - تەمىنى تەڭشىدى.

سَبَّلَ يُسَبِّلُ تَسْبِيلًا الشَّيْءَ: سەدىقە قىلدى، خەيرىيەت ئىشلىرىغا ئىشلەتتى، ئاللاھ يولىدا ئاتىۋەتتى، خەير - ئېھسان قىلدى.

سَبَّلَ الْمَاءَ: سۇنى تۆكتى، سۇنى كۆمتۈرىۋەتتى.

سَبُّوبَةٌ: خىزمەت، ئىش.

اَلسُّبُّوحُ. اَلسَّبُّوحُ: ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ «ھەممە نۇقسانلاردىن پاك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

سَبُّورَةٌ ج سَبُّورَاتٌ: قارا تاختا، دوسكا.

اَلسَّبَبِيَّةُ: سەۋەب بىلەن نەتىجە مۇناسىۋىتى، سەۋەبىيەت.

سَبَتَ يَسْبُتُ وَ يَسْبِتُ سَبْتًا الشَّخْصُ: ئارام ئالدى، ئارام تاپتى، تىنچلاندى، ئۇخلىدى، شەنبە كۈنىگە كىردى، شەنبىگە ئۇلاشتى.

سَبَتَ الرَّجُلُ: تېڭىرقاپ قالدى، گاڭگىراپ قالدى.

سَبَتَ الْيَهُودِيُّ: يەھۇدىلار شەنبە كۈنى تۇرمۇش ئىشلىرىدىن قول ئۈزدى.

«وَيَوْمَ لَا يَسْبِتُونَ لَا تَأْتِيهِمْ» ‹قرآن›: شەنبە-

دىن غەيرىي كۈنلەردە ئۇلارنىڭ ئالدىغا
كەلمەيتتى.

سَبَتَ الشَّيْءَ: كەستى.

سَبَتَ الرَّأْسَ: باشنى چۈشۈردى.

سَبَتَ الشَّعْرَ: چاچنى قويۇۋەتتى.

سُبِتَ: ئۇيقۇ باستى؛ مۈگدەپ قالدى.

اَلسَّبْتُ ج أَسْبُتٌ وَ سُبُوتٌ: شەنبە.

يَوْمُ السَّبْتِ: شەنبە كۈنى.

اَلسِّبْتَانُ: ئەخمەق، ئەخمەق ئادەم.

سِبْتَمْبَرْ: سېنتەبىر.

سُبْجَةٌ ج سُبَجٌ: قىسقا يەڭلىك كۆڭلەك (ئايال-
چە).

سَبَجٌ: قارا مارجان.

سَبَحَ يَسْبَحُ سَبْحًا وَ سِبَاحَةً فِي الْمَاءِ: سۇ
ئۈزدى.

سَبَحَ الْفَرَسُ أَوِ النَّجْمُ أَوِالسَّفِينَةُ وَ نَحْوُهَا:
ئات، يۇلتۇز ياكى كېمە قاتارلىقلار ماڭدى،
يۈردى، چاپتى، سەيرى قىلدى.

«وَكُلٌّ فِي فَلَكٍ يَسْبَحُونَ» «قرآن»: ھەر بىرى
پەلەكتە ئۈزۈپ يۈرىدۇ.

سَبَحَ فِي الْكَلَامِ: جاۋىلىدى، ۋاتىلىدى، كۆپ
سۆزلەپ ئاغزى بېسىقمىدى.

سَبَحَ الرَّجُلُ: تىرمىشىپ يولىدا ھەرىكەت قىلدى.

سَبْحٌ: سۇ ئۈزمەك.

سُبْحٌ: تەسبىھ ئېيتماق، مەدھىيىلىمەك،
تەسبىھ.

اَلسُّبْحُ لِلّٰهِ: ئاللاھنى مەدھىيىلىمەك، ئاللاھقا
شۈكرى قىلماق.

سُبْحَانَ: پاك دەپ تونۇش، ياكى ئەجەبلىنىش
ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۆز.

سُبْحَانَ اللّٰهِ: ئاللاھ پاكدۇر، ئاللاھنى پاك دەپ
بىلىمەن، ئاللاھنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن،
ئاللاھنى ھەممە نۇقسانلاردىن پاك دەپ تونۇي-
مەن.

«سُبْحَانَ رَبِّكَ رَبِّ الْعِزَّةِ عَمَّا يَصِفُونَ» «قرآن»:
قۇدرەت ئىگىسى بولغان پەرۋەردىگارىڭ
ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن پاكتۇر.

سَبْحَةٌ: جۇۋا، خۇرۇم چاپان.

سُبْحَةٌ ج سُبَحٌ وَ سُبُحَاتٌ: تەسۋى.

سَبْحَلَ يُسَبْحِلُ سَبْحَلَةً: سۇبھانالله دېدى، تەسبىھ
ئېيتتى.

سَبَخَ يَسْبَخُ سَبَخًا: قاتتىق ئۇخلىدى، ھۇزۇرلى-
نىپ ئۇخلىدى، تاتلىق ئۇخلىدى.

سَبَخَتِ الْأَرْضُ: زېمىن شورلىشىپ كەتتى.

سَبَخٌ: ئوغۇت.

سَبَخٌ بَلَدِيٌّ: يەرلىك ئوغۇت.

سَبَخٌ كِيمِيَاوِيٌّ: خىمىيىۋى ئوغۇت.

سَبِخٌ: ساسلىق، شورلۇق، پاتقاق.

سَبْخَةٌ ج سَبَخَاتٌ وَ سِبَاخٌ: زىرائەت تېرىغىلى
بولمايدىغان سازلىق يەر.

أَرْضٌ سَبْخَةٌ: شورلۇق يەر.

سُبَدٌ: چۈغوندەك.

مَالَهُ سَبَدٌ وَ لَابَدٌ: ئۇنىڭ ھېچنېمىسى يوق.

سَبَرَ يَسْبُرُ وَ يَسْبِرُ سَبْرًا: دېڭىز سۈيىنىڭ
چوڭقۇرلۇقىنى ئۆلچىدى، تەجرىبە قىلدى،
چوڭقۇر چۆكتى، تەجرىبە قىلىپ بىلدى،
تەكشۈردى.

سَبَرَ غَوْرَهُ: (سۇنىڭ) چوڭقۇرلۇقىنى تەكشۈردى،
تېگىگە يەتتى؛ تەجرىبە قىلدى؛ چوڭقۇر
چۆكتى، چوڭقۇر تەكشۈردى.

سَبَرَ نَوَايَاهُ: ئۇنىڭ نىيىتىنى چۈشىنىپ يەتتى.

سَبْرٌ: چارلىماق، تەكشۈرمەك.

سِبْرٌ ج أَسْبَارٌ: يىلتىز، تېگى، ئاساسى، تۈۋى.

سِبْرَاتٌ: نامرات، كەمبەغەل.

سَبْرَةٌ ج سَبَرَاتٌ: سالقىن سەھەر.

سُبْرُوتٌ: نامرات، كەمبەغەل.

سِبْرِيتٌ: نامرات، كەمبەغەل.

سَبْسَبَ يُسَبْسِبُ سَبْسَبَةً الْمَاءَ: سۇنى قويۇۋەتتى،
سۇنى ئېچىۋەتتى.

سَبْسَبَ الْبَوْلَ: سىيىۋەتتى.

سَبْسَبٌ ج سَبَاسِبُ: سەھرا، چۆل، باياۋان.

«جُزْءٌ كَبِيرٌ مِنْ بَلَدِنَا سَبْسَبٌ قَاحِلٌ» : دۆلە-
تىمىزنىڭ چوڭ بىر قىسمى چۆل باياۋان.

سَبِطَ يَسْبَطُ سُبُوطًا الشَّجَرُ: دەرەخ ئۆستى.

سُبِطَ: قىزىتما كېسەل بولۇپ قالدى، قىزىدى.

سَبِطٌ. سَبْطٌ ج سِبَاطٌ: ئۇزۇن چاچ، نازۇك؛ ئۇزۇن.

سَبْطٌ. سَبَطٌ ج أَسْبَاطٌ: يۇمشاق چاچ، ئۆلۈك چاچ.

شَعْرٌ سَبِطٌ: ئۇزۇن چاچ.

شَخْصٌ سَبْطٌ: ئېگىز ئادەم.

سَبْطُ الْيَدَيْنِ: سېخى، قولى ئوچۇق.

سَبْطُ الْجِسْمِ: ئوتتۇرا بويى، قامىتى كېلىشكەن.

سَبْطُ الْأَصَابِعِ: ئۇزۇن بارماقلىق ئادەم.

سِبْطٌ ج أَسْبَاطٌ: نەۋرە، قەبىلە، ئۇلۇس.

«تَزَوَّجَ إِبْنُهُ وَأَنْجَبَ فَأَصْبَحَ لَهُ سِبْطٌ» : ئوغلى
ئۆيلىنىپ بالىلىق بولدى، شۇنىڭ بىلەن
نەۋرىلىك بولدى.

«وَقَطَّعْنَاهُمُ اثْنَتَيْ عَشَرَةَ أَسْبَاطًا» «قۇرئان» :
ئۇلارنى (يەنى بەنى ئىسرائىل) نى 12 تارماققا
(يەنى قەبىلىگە) بۆلۈۋەتتۇق.

إِمْرَأَةٌ سَبْطَةٌ: غونچە بويى، نازۇك بەدەن ئايال.

سَبَعَ يَسْبَعُ وَ يَسْبِعُ سَبْعًا الْقَوْمَ: ئاممىنىڭ
يەتتىنچىسى بولدى.

سَبَعَ الذِّئْبُ الْغَنَمَ: بۆرە قوينى يېدى، قويغا بۆرە
چاپتى.

سَبَعَهُمْ: ئۇلارنىڭ مېلىنىڭ يەتتىدىن بىرىنى
ئالدى.

سَبَعَ الْحَبْلَ وَ نَحْوَهُ: ئارغامچا قاتارلىقلارنى
يەتتە قەۋەت قىلدى.

**سَبْعٌ. سَبُعٌ. سَبَعٌ ج سِبَاعٌ وَ أَسْبُعٌ سُبُوعَةٌ م
سَبُوعَةٌ. سَبْعَةٌ:** يىرتقۇچ هايۋان.

«حُرِّمَتْ عَلَيْكُمُ الْمَيْتَةُ . . . وَمَا أَكَلَ السَّبُعُ»
«قۇرئان» : سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان
هايۋان . . . يىرتقۇچ هايۋانلار يېرىپ ئۆلتۈر-
گەن هايۋان (نىڭ گۆشىنى يېيىش) هارام
قىلىندى.

سَبُعُ الْبَحْرِ: دېڭىز يولۋسى، دېڭىز ئارسلانى.

سَبُعُ الْجَبَلِ: ئامېرىكا قاپلىنى.

سَبُعُ اللَّيْلِ: ئىت.

سَبْعٌ . سَبْعَةٌ: يەتتە.

«اَلَّذِي خَلَقَ سَبْعَ سَمَوَاتٍ طِبَاقًا» «قۇرئان» :
ئاللاھ يەتتە ئاسماننى بىرىنى - بىرىنىڭ
ئۈستىگە قىلىپ ياراتتى.

سَبْعَةُ أَضْعَافٍ: يەتتە ھەسسە.

سَبْعَ عَشْرَةَ . سَبْعَةَ عَشَرَ: ئون يەتتە.

سُبْعٌ . سُبُعٌ ج أَسْبَاعٌ: يەتتىدىن بىر (1/7).

سُبْعَةٌ . سُبَعَاتٌ: يەتتىلىك قارتا.

سَبْعُونَ: يەتمىش.

اَلسَّبْعُونَ: يەتمىشىنچى (70 -).

سَبْعُونِيٌّ: يەتمىش ياشلىق بوۋاي.

حَرْبٌ سَبْعُونِيَّةٌ: يەتمىشىنچى يىللاردىكى ئۇرۇش.

سَبْعِينِيٌّ: يەتمىش ياشلىق بوۋاي.

سَبْعِينِيَّاتٌ: يەتمىشىنچى يىللار.

«إِرْتَفَعَتْ فِي السَّبْعِينِيَّاتِ أَسْعَارُ النِّفْطِ» :
يەتمىشىنچى يىللاردا نېفىتنىڭ باھاسى
ئۆرلەپ كەتتى.

سَبَغَ يَسْبُغُ سُبُوغًا الشَّيْءُ: نەرسە تولۇق بولدى،
كۆڭۈلدىكىدەك بولدى، تولۇق تاماملاندى.

سَبَغَ الْعَيْشُ: تۇرمۇش پاراۋان بولدى، باياشات
بولدى.

سَبَغَ الثَّوْبُ: كىيىم كەڭ بولدى.

سَبَغَتِ النِّعْمَةُ: نېمەت كەڭرى بولدى، مول
بولدى.

سَبَقَ يَسْبِقُ وَ يَسْبُقُ سَبْقًا ـ هُ: ئۆتۈپ كەتتى،
بىرىنچى بولدى، ئېشىپ كەتتى، ئۆزۈپ
كەتتى، بېسىپ چۈشتى.

سَبَقَهُ عَلَى كَذَا: مەغلۇپ قىلدى، يەڭدى، بېسىپ
چۈشتى، ئۈستۈنلۈك قازاندى.

سَبَقَ أَنْ فَعَلَ كَذَا: ئىلگىرى قىلدى، ئالدىدا
قىلدى.

«سَبَقَ لِي أَنْ زُرْتُ مَدِينَةَ كَاشْغَرَ مَرَّةً» :
قەشقەر شەھىرىنى ئىلگىرى بىر قېتىم زىيا-
رەت قىلغانىدىم.

سَبَقَ عَلَى قَوْمِهِ: مەردلىكتە قەۋمىنى بېسىپ چۈشتى.

سَبَقَ لِسَانُهُ أَوْقَلَمُهُ: سۆزى ياكى قەلىمى خاتا كەتتى.

سُبِقَ عَلَى أَمْرٍ: مەغلۇپ بولدى، يېڭىلدى.

لَمْ يَسْبِقْ لَهُ مَثِيلٌ: ئوخشىشى يوق، مىسلىسىز، يېگانە.

سَبَقَ السَّيْفُ الْعَذَلَ: ئۆتكەن ئىش ئورنىغا كەلمەيدۇ، ئۆتكەنگە سالاۋات.

سَبْقٌ: ئەۋزەللىك، ئۇستۇنلۇك، ئالدىن پايدىلىنىش هوقۇقى، ئۆتۈپ كەتمەك.

مَعَ سَبْقِ الْإِصْرَارِ: پۈتۈن ئەس- يادى بىلەن، جان- جەھلى بىلەن، كۆڭۈلگە پۈكۈپ.

سَبَقٌ ج أَسْبَاقٌ: تىككىلگەن، دوغا قويۇلغان نەرسە؛ رەنە، گۆرۈ.

أَحْرَزَ قَصَبَ السَّبَقِ: ئالدىنقى قاتاردا تۇردى، ئالدىنقىلار قاتارىغا ئۆتتى.

حُبُّ السَّبَقِ: مۇسابىقىنى ياخشى كۆرمەك، كۆچ سىنىششىنى ياقتۇرماق، مۇسابىقە مەستانىسى.

«سَنَلْتَقِي فِي السَّبَقِ» : مۇسابىقە مەيدانىدا ئۇچرىشىمىز.

سُبْقَةٌ: تىككىلگەن پۇل، دوغا قويۇلغان نەرسە؛ رەنە، گۆرۈ.

سَبَكَ يَسْبِكُ وَ يَسْبُكُ سَبْكًا الْمَعْدَنَ: مەدەننى قۇيدى، قۇيۇپ ياسىدى.

سَبَكَتْهُ التَّجَارِبُ: تەجرىبىلەر ئۇنى تەربىيىلىدى.

سَبْكٌ: قۇيۇش، قۇيمىچىلىق.

سَبْكُ الْمَعَادِنِ: مەدەنلەرنى ئېرىتىش.

سَبَلَ يَسْبُلُ سَبْلاً: تىللىدى، هاقارەتلىدى.

سَبَلٌ م سَبْلاً: يېغىمۇاتقان يامغۇر.

سَبَلُ الذُّرَةِ: چۇچا، پۈپۈك.

عَيْنٌ سَبْلَاءُ: كىرپىكى ئۇزۇن كۆز.

سَبَلَةٌ ج سَبَلٌ وَ سِبَالٌ: باشاق، باش؛ قاچا - قۇچىلارنىڭ ئېغىزى.

«قَطَعَ السَّبَلَةَ وَأَخْرَجَ مَا فِيهَا مِن حَبٍّ» : باشاقنى ئۈزۈپ ئۇنىڭدىكى داننى چىقاردى.

سَبْلَةٌ: قوتان قىغى.

سَبَلَةٌ ج سِبَالٌ: ئۈچكە ساقال.

جَرَّ سَبَلَتَهُ: غادىيىپ ماڭدى.

سَبَلَةُ الْإِنَاءِ: قاچا - قۇچىلارنىڭ ئېغىزى.

«مَلَأَ الْإِبْرِيقَ إِلَى سَبَلَتِهِ» : ئاپتۇۋانى لىق تولدۇردى.

سَبَنْتَاةٌ: ۋات - ۋات خوتۇن، جاۋىلداق خوتۇن، گېپى تولا خوتۇن، ئېغىزلىق خوتۇن.

اَلسَّبَنْتَى ج سَبَانِتُ و سَبَاتٍ: قاپلان، قەھرىمان، باتۇر.

سَبَهْلَلٌ: قۇرۇق قول.

«جَاءَ سَبَهْلَلاً» : قۇرۇق قول كەلدى.

اَلسَّبُوحُ: يوگۇرۈك، چاپسان.

فَرَسٌ سَبُوحٌ: يوگۇرۈك ئات، يورغا ئات.

سُبُوعٌ: هەپتە.

حَفْلٌ سُبُوعٌ: بالىنىڭ تۇغۇلغىنىغا بىر هەپتە بولغانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىم.

سَبَى يَسْبِي سَبْيًا وَسِبَاءً الْعَدُوَّ: دۈشمەننى ئەسىرگە ئالدى.

«كَانَ الْمُحَارِبُونَ فِي الْقَدِيمِ يَسْبُونَ نِسَاءَ أَعْدَائِهِمْ» : بۇرۇنقى زاماندا ئۇرۇش قىلغۇچىلار دۈشمەنلىڭ ئاياللىرىنى ئەسىرگە ئالاتتى.

سَبَى الرَّجُلَ: پالىدى، سورگۇن قىلدى.

سَبَى الْعَقْلَ: مەپتۇن قىلدى، ئەقلى - هوشىنى كەتكۈزىۋەتتى، هەسرەتتە قالدۇردى، لال قىلدى.

سَبَتْهُ الْمَرْأَةُ: ئايال ئۇنى مەپتۇن قىلدى.

سَبَاهُ اللّٰهُ: ئۆلگۈر، قاغىشتەككۈر.

سَبْيٌ ج سُبِيٌّ: ئەسىر، ئولجامال، غەنىيمەت، ئەسىرگە ئېلىنغان ئاياللار.

قَوْمٌ سَبْيٌ: ئەسىرگە ئېلىنغان ئادەملەر.

سَبِيءُ الْحَيَّةِ: يىلان قاسرىقى، يىلان پوستى.

سَبِيئَةٌ: هاراق.

سَبِيبٌ. سَبِيبَةٌ ج سَبَائِبُ: بىر تال چاچ، بىر تال تۈك.

سَبِيخٌ ج سَبَائِخُ: پاختا تالاسى؛ تور پاختا؛ چاچ.

سَبِيعٌ: يەتتىنچى قىسمى، يەتتىنچى بۆلىكى.

سَبِيكَةٌ ج سَبَائِكُ: مۇئەييەن شەكىلدە قۇيۇلغان ئالتۇن ياكى نوكچا ئالتۇن، نوكچا كۈمۈش، كۈمۈش پارچىسى، زىخچە ئالتۇن، زىخچە كۈمۈش (نوكچا مېتال).

سَبِيلٌ ج سُبُلٌ وَ سُبْلٌ وَأَسْبُلٌ وَأَسْبِلَةٌ وَ سُبُولٌ: چارە ــ تەدبىر، يول، ئۇسۇل، ۋاستە، پاكىت.

«إِنَّا هَدَيْنَاهُ السَّبِيلَ إِمَّا شَاكِرًا وَإِمَّا كَفُورًا» «قۇرئان»: شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭغا، (بىز پەيغەمبەر ئەۋەتىش بىلەن ياخشى ــ يامان) يولنى كۆرسەتتۇق، ئۇ مۆمىن بولۇپ ياخشى يولدا مېڭىپ شۈكۈر قىلغۇچىلاردۇر، ياكى كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر.

«وَلَا تَتَّبِعُوا السُّبُلَ فَتَفَرَّقَ بِكُمْ عَنْ سَبِيلِهِ» «قۇرئان»: ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ.

إِبْنُ السَّبِيلِ: يولۇچى، مۇساپىر، سەرگەردان، ئىبنى سەبىل.

«وَآتِ ذَالْقُرْبَى حَقَّهُ وَالْمِسْكِيْنَ وَابْنَ السَّبِيلِ وَلَاتُبَذِّرْ تَبْذِيْرًا» «قۇرئان»: تۇغقانلىغا، مىسكىنگە، ئىبنى سەبىلگە (خەير ــ ساخاۋەتتىن) ھەققىنى بەرگىن، (پۇل ــ مېلىڭنى ناتوغرا يوللارغا) ئىسراپ قىلمىغىن.

ضَلَّ سَبِيلَهُ: يولىدىن ئازدى.

فِي سَبِيلِ اللّٰهِ: ئاللاھ يولىدا، ئاللاھ ئۈچۈن.

«مَاتَ فِي سَبِيلِ تَحْرِيرِ وَطَنِهِ»: ۋەتىنىنى ئازاد قىلىش يولىدا قۇربان بولدى.

عَلَى سَبِيلِ كَذَا: ... غا ئاساسەن.

عَلَى سَبِيلِ الْمِثَالِ: مەسىلەن، مىسال قىلىپ ئېيتقاندا، مىسال تەرىقىسىدە، مىسال ئۈچۈن.

إِعْتَرَضَ سَبِيلَهُ: يولىنى توستى، يولىنى تورىۋالدى.

خَلَّى سَبِيلَهُ: قويۇپ بەردى، ئازاد قىلدى.

فِي سَبِيلِهِ: ئۇنىڭ ئۈچۈن.

فِي هَذَا السَّبِيلِ: بۇ جەھەتتە، بۇ يولدا، بۇ ساھەدە.

مَهَّدَ لَهُ السَّبِيلَ: ياردەم بەردى، يول ھازىرلاپ بەردى.

لَيْسَ إِلَى عَمَلِ كَذَا سَبِيلٌ: قىلغىلى بولمايدۇ، قىلىش مۇمكىنچىلىكى يوق.

اَلنِّضَالُ فِي سَبِيلِ الْحُرِّيَّةِ: ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلماق.

فِي سَبِيلِ الدِّفَاعِ: قوغداش ئۈچۈن، قوغداش يولىدا.

عَلَى سَبِيلِ التَّجْرِبَةِ: تەجرىبە يولى بىلەن، تەجرىبە ئاساسىدا.

ضَاقَتْ بِهِ السُّبُلُ: (قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ) ھەل قىلىشقا ئاجىز كەلدى، چارىسىز قالدى، يول تاپالمىدى.

اَلسَّبِيلَانِ: ئالدى ــ كەينى پىشاپ.

سَبِيٌّ ج سَبَايَا: ئەسىر.

سَبِيَّةٌ ج سَبَايَا: ئايال ئەسىر، ئېكسپورت قىلىنغان مال، گۆھەر، مەرۋايىت، ئۈنچە ــ مارجان؛ بىر جايدىن ئىككىنچى بىر جايغا توشۇلىدىغان هاراق.

«أُخِذَتْ نِسَاؤُهُمْ سَبَايَا»: ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ئەسىرگە ئېلىندى.

سِتَارٌ ج سُتُرٌ: پەردە، دەرپەردە، ياپقۇچ، چىملىداق؛ توسما.

سِتَارُ الشُّبَّاكِ: پەردە، دېرىزە پەردىسى.

أَسْدَلَ السِّتَارَ عَلَى الشَّيْءِ: يوشۇردى، چەكلىدى، توستى.

«أَخْفَتْ وَجْهَهَا خَلْفَ سِتَارٍ»: ئۇ ئايال يۈزىنى پەردە ئارقىسىغا يوشۇردى.

«رُفِعَ السِّتَارُ وَبَدَأَتْ الْمَسْرِحِيَّةُ»: پەردە كۆتۈرۈلدى، تىياتىر باشلاندى.

سِتَارُ الْمَسْرَحِ الْخَارِجِيُّ: سەھنە تاشقى پەردىسى.

سِتَارُ الْمَسْرَحِ الدَّاخِلِيِّ: سەھنە ئىچكى پەردىسى.

رَفَعَ السِّتَارَ عَنِ الشَّيْءِ: ئاشكارىلىدى، پاش قىلدى، ئاچتى.

سِتَارٌ مِنَ الدُّخَانِ: تۈتەك پەردە.

مَاوَرَاءَ السِّتَارِ: پەردە ئارقىسىدىكى نەرسە، پەردە ئارقىسى.

«سَيْطَرَ عَلَيْهِ مِنْ وَرَاءِ السِّتَارِ» : پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ قوماندانلىق قىلدى.

اَلسِّتَارُ الْحَدِيدِيُّ: تۆمۈر پەردە.

سِتَارَةٌ ج سَتَائِرُ: پەردە، دەرپەردە، ياپقۇچ، چىمىلداق، توسما.

«أَسْدِلِ السَّتَائِرَ قَبْلَ إِنَارَةِ الْبَيْتِ» : ئۆيگە يورۇق چۈشۈشتىن بۇرۇن پەردىنى چۈشۈرۈۋەتكىن.

«رَفَعْتُ السَّتَائِرَ فَوَجَدْتُ أَنَّ الثَّلْجَ يَتَسَاقَطُ» : پەردىنى ئېچىپ قارىسام قار يېغىۋېتىپتۇ.

سَتٌّ: سەت سۆز، ئەيىب، نۇقسان.

سِتٌّ ج سِتَّاتٌ: ئايال خوجايىن، خانىم.

سِتُّ الْحُسْنِ: ھەشقىپىچەك.

سِتٌّ م سِتَّةٌ: ئالتە.

سِتَّ عَشْرَةَ. سِتَّةَ عَشَرَ: ئون ئالتە.

«حَضَرَ الْإِجْتِمَاعَ سِتَّةَ عَشَرَ رَجُلًا وَسِتَّ عَشْرَةَ امْرَأَةً» : يىغىنغا 16 ئەر بىلەن 16 ئايال قاتناشتى.

سِتَّةُ أَضْعَافٍ: ئالتە ھەسسە، ئالتە چەندان.

سَتَّارٌ: قوغدىغۇچى، ياپقۇچى.

اَلسَّتَّارُ: ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بىرى بولۇپ «ئەيىبلەرنى ياپقۇچى» مەنىسىدە.

سَتَّرَ يُسَتِّرُ تَسْتِيرًا: قاتتىق يوشۇردى، قاتتىق مەخپىي تۇتتى.

سِتُّونَ: ئاتمىش.

«فَمَنْ لَمْ يَسْتَطِعْ فَإِطْعَامُ سِتِّينَ مِسْكِينًا» (قۇرئان) : قادىر بولالمىغان ئادەم 60 مىسكىنگە بىر ۋاق تاماق بېرىشى لازىم.

اَلسِّتُّونَ: ئاتمىشىنچى (60 ـ).

سِتُّونِيٌّ: ئاتمىش ياشلىق بوۋاي.

سِتِّينَاتٌ: 60 ـ يىللار.

«نَالَتْ كَثِيرٌ مِنَ الدُّوَلِ الْإِفْرِيقِيَّةِ إِسْتِقْلَالَهَا فِي السِّتِّينَاتِ مِنْ هَذَا الْقَرْنِ» : نۇرغۇن ئافرىقا دۆلەتلىرى بۇ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن.

سَتَرَ يَسْتُرُ وَ يَسْتِرُ سَتْرًا وَسُتْرًا: ياپتى، يوشۇردى، مەخپىي تۇتتى، قوغدىدى.

سَتَرَ عُيُوبَهُ: ئەيىبلىرىنى ياپتى.

سِتْرٌ ج أَسْتَارٌ وَ سُتُورٌ وَ سُتُرٌ: پەردە، توسۇق، دەرپەردە، چىمىلداق، تۇۋاق، ياپقۇچ؛ تورۇس، ئۆگزە؛ قاسراق، پوستى، پاناگاھ؛ توسما، قاپ.

«حَتَّى إِذَا بَلَغَ مَطْلِعَ الشَّمْسِ وَجَدَهَا تَطْلُعُ عَلَى قَوْمٍ لَمْ نَجْعَلْ لَهُمْ مِنْ دُونِهَا سِتْرًا» (قۇرئان) : زۇلقەرنەيىن كۈنچىقىش تەرەپكە بارغاندا، كۈننىڭ شۇنداق بىر قەۋمنىڭ ئۈستىگە چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردىكى، ئۇ قەۋمگە بىز (كۈننىڭ ھارارىتىدىن) ساقلىنىدىغان (كىيىم، ئىمارەت قاتارلىق) نەرسىلەرنى ئاتا قىلمىدۇق.

رَفَعَ السِّتْرَ: پەردىنى ئېچىۋەتتى، پەردىنى كۆتۈرۈۋەتتى.

أَسْدَلَ السِّتْرَ: پەردىنى چۈشۈرۈۋەتتى، پەردىنى ياپتى.

كَشَفَ السِّتْرَ عَنْ: قىياپىتىنى ئېچىپ تاشلىدى، پاش قىلدى، ئاشكارىلىدى.

سِتْرٌ فِضِّيٌّ: كۈمۈش پەردە.

سُتْرَةٌ سِتْرَةٌ ج سُتَرٌ: چاپان، قىسقا چاپان؛ توساق، پاسال.

«إِرْتَدَى سُتْرَةً جَدِيدَةً» : ئۇ يېڭى كىيىم كىيدى.

سُتْرِيٌّ: قىزىقچى، لەتىپىچى، ھەزىلكەش، ھەپيار.

سَتَلَ يَسْتُلُ سَتْلًا الْقَوْمُ: ئارقىمۇ ئارقا چىقتى، كەينىمۇ كەينى چىقتى.

سَتَلَ الدَّمْعُ: ياش ئاقتى.

سَتَلَ اللُّؤْلُؤُ: مەرۋايىت يىپىدىن تۆكۈلدى.

سَتِلَ يَسْتَلُ سَتَلًا: بىللە بولدى، بىللە ماڭدى، كەينىگە كىردى، ئىزىدىن باردى، ئەگەشتى.

سَتَلٌ ج سِتْلَانٌ: بۇلاق سۈيى؛ ئازقارا، قوماي.

سَتَهٌ. سَتْهٌ. سِتَهٌ ج أَسْتَاهٌ: سوڭ، مەقئەت.

سَتْرٌ ج سُتَرَاءُ: ئىپپەتلىك؛ شاخلاپ كەتكەن دەرەخ.

سَجَا يَسْجُو سَجْوًا وَسُجُوًّا اللَّيْلُ: كېچە جىمجىت بولدى.

سَجَا الْبَحْرُ: دېڭىز تىنجىدى.

سَجَتِ الرِّيحُ: شامال توختىدى.

سَجَا يَسْجُو سَجْوًا: ياپتى.

«وَالضُّحَى وَاللَّيْلِ إِذَاسَجَى» «قرآن» : چاشگاھ ۋاقتى بىلەن قەسەمكى، قاراڭغۇلۇقى (ئەتراپنى قاپلىغان) چاغدىكى كېچە بىلەن قەسەمكى.

سَجَّا الْمَيِّتَ: مېيىتنى ياپتى، يۆگىدى.

سَجَاجٌ: سۇ قوشۇلغان (ئارىلاشقان).

سُجَاحٌ: ھاۋا.

سِجَاحٌ: ئۆدۈلى، روبىرو.

وَقَفْتُ سِجَاحَهُ: ئۇنىڭ ئۆدۈلىدا توردۇم.

سَجَاحَةٌ: مۇلايىملىق، يۇمشاقلىق، نازاكەت.

سَجَاحَةُ الْخُلُقِ: مۇلايىم تەبىئەتلىك.

سِجَارَةٌ ج سَجَائِرُ: پاپىروس، تاماكا.

سِجَاقٌ: پەردە.

سِجَالٌ: تىركىشىش ئۇرۇشى.

اَلْحَرْبُ سِجَالٌ: ئۇرۇشتا يېڭىش - يېڭىلىش بولۇپ تۇرىدۇ.

سَجَّ يَسُجُّ سَجًّا الْحَائِطَ: تامنى سۇۋىدى.

سُجُجٌ: سۇۋالغان ئۆگزە؛ پاك قەلب.

سَجَّادٌ ج سَجَّادُونَ: ھەمىشە ناماز ئوقۇيدىغان ئادەم، كۆپ سەجدە قىلغۇچى، نامازخان.

سَجَّادَةٌ ج سَجَّادَاتٌ وَ سَجَاجِيدُ: جەينامازى، كىچىك گىلەم.

سَجَّانٌ ج سَجَّانُونَ: گۇندىپاي، تۈرمە قاراۋۇلى، تۈرمە مۇھاپىزەتچىسى.

سَجَّةٌ: سۇ قوشۇلغان سۈت.

سَجَّرَ يُسَجِّرُ تَسْجِيرًا: قىزىتتى.

«وَإِذَا الْبِحَارُ سُجِّرَتْ» «قرآن» : دېڭىزلار ئوت بولۇپ لاۋۇلدىغان چاغدا.

سَجَّرَ الْكَلْبَ: ئىتنىڭ بوينىغا تۆمۈر ھالقا ئېسىپ قويدى.

سَجَّعَ يُسَجِّعُ تَسْجِيعًا الْحَمَامُ: كەپتەر سايرىدى، دەم تۈتتى، گۇۋۇك - گۇۋۇك قىلىپ سايرىدى.

سَجَّعَ الْكَلَامَ: قاپىيىلىك سۆزلىدى.

سَجَّفَ يُسَجِّفُ تَسْجِيفًا الْبَيْتَ: ئۆيگە پەردە تارتتى.

سَجَّلَ يُسَجِّلُ تَسْجِيلًا: خاتىرىلىدى، يازدى، تىزىملىدى، رويخەتكە ئالدى، قەيت قىلدى، ئۈنئالغۇغا ئالدى.

سَجَّلَ الْعَقْدَ: تىزىمغا ئالدى، رويخەتكە ئالدى.

سَجَّلَ الْإِخْتِرَاعَ: كەشىپ قىلدى، ھوقۇققا ئېرىشتى.

سَجَّلَ مُوَظَّفُ الْبَرِيدِ الرِّسَالَةَ وَ نَحْوَهَا: پوچتا خادىمى خەتنى زاكاس قىلدى.

سَجَّلَ خِطَابًا بِالْبَرِيدِ: پوچتا ئارقىلىق خەت ئەۋەتتى.

سَجَّلَ شُكْرَهُ: ئۇنىڭغا تەشەككۈر بىلدۈردى، رەھمەت ئېيتتى.

سَجَّلَ صَفَحَاتٍ جَلِيلَةً فِي التَّارِيخِ: تارىخ سەھىپىسىدە شانلىق تۆھپە قالدۇردى.

سَجَّلَ رَقْمًا قِيَاسِيًّا: رېكورتنى بۇزۇپ تاشلىدى.

سَجَّلَ نَجَاحًا وَ انْتِصَارَاتٍ فِي: ... دە نەتىجە ۋە غەلىبىلەرگە ئېرىشتى.

سَجَّلَ إِصَابَةً: بىر توپ كىرگۈزدى (تەنھەرىكەت).

سَجَّلَ إِسْمَهُ فِي الْجَامِعَةِ وَ نَحْوِهَا: ئۇنىۋېرسىتېتقا تىزىمغا ئالدۇردى.

«سَجَّلَ الْحَدِيثَ» : سۆزنى خاتىرىلىۋالدى، لېنتىغا ئالدى.

«إِذَاسَجَّلْتَ هَذَافِيدَفْتَرِكَ فَلَنْ تَنْسَاهُ أَبَدًا» : بۇنى دەپتىرىڭگە خاتىرىلىۋالساڭ ھەرگىز ئۇنتۇمايسەن.

سَجَّنَ يُسَجِّنُ تَسْجِينًا: ياردى، پارچىلىدى.

سَجَّى يُسَجِّي تَسْجِيَةً الْمَيِّتَ: مېيىتنى يېپىپ قويدى.

«سَجِّ مَعَايِبَ أَخِيكَ» : قېرىنداشىڭنىڭ ئەيىبـ
لىرىنى ياپقىن.

سِجِّيلٌ: قۇرۇق لايدەك بولۇپ قالغان تاش، ساپال
تاش.

«تَرْمِيهِمْ بِحِجَارَةٍ مِنْ سِجِّيلٍ» «قۇرئان» :
قۇشلار ئۇلارغا ساپال تاشلارنى ئېتىپ. . .

اَلسِّجِّينُ: تۈرمە؛ گۇناھكارلارنىڭ نامە ـ ئەمالى
يېزىلغان كىتاب؛ قاتتىق؛ ھەمىشىلىك.

«كَلَّا إِنَّ كِتَابَ الْفُجَّارِ لَفِي سِجِّينٍ» «قۇرئان» :
يامان ئادەملەرنىڭ نامە ـ ئەمالى چوقۇم
سىججىندا بولىدۇ.

فَعَلَ ذَالِكَ سِجِّينًا: بۇنى ئاشكارا ھالدا قىلدى.

سَجَحَ يَسْجَحُ سَجْحًا لَهُ بِالْكَلَامِ: سۆزنى يۇرۇـ
تۇپ ئۆتتى.

سَجَحَتِ الْحَمَامَةُ: كەپتەر سايرىدى، يۇقۇلدىدى،
دەم تۈتتى.

سَجِحَ يَسْجَحُ سَجَحًا وَ سِجَاحَةً: سىلىق بولدى،
يۇمشاق بولدى، مۇلايىم بولدى، نازاكەتلىك
بولدى، خۇشخۇي بولدى.

سَجْحَةٌ: تەبىئىي خۇسۇسىيەت، تۇغما تەبىئەت.

سَجَدَ يَسْجُدُ سُجُودًا: سەجدە قىلدى، بويسۇندى،
باش ئەگدى.

سَجَدَ اللّٰهَ: ئاللاھقا سەجدە قىلدى، ئىبادەت
قىلدى، قۇللۇق قىلدى.

«ثُمَّ قُلْنَا لِلْمَلَائِكَةِ اسْجُدُوا لِآدَمَ فَسَجَدُوا إِلَّا
إِبْلِيسَ» «قۇرئان» : ئاندىن بىز پەرىشتىلەرگە:
«ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دېدۇق، ئىبلىستىن
باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى.

سَجْدَةٌ: بىر قېتىملىق سەجدە، تىزلىنىپ باش
قويماق.

سَجَرَ يَسْجُرُ سَجْرًا وَ سُجُورًا الْإِنَاءَ: قاچىنى
تولدۇردى.

سَجَرَ التَّنُّورَ: تونۇرنى ئوتۇن بىلەن تولدۇرۇپ
قىزىتتى.

سَجَرَ اللّٰهُ الْكُفَّارَ: ئاللاھ كۇففارلارنى كۆيدۈردى.

«ثُمَّ فِي النَّارِ يُسْجَرُونَ» «قۇرئان» : ئاندىن ئۇلار
ئوتتا كۆيدۈرۈلىدۇ.

سَجَرَ الْبَحْرُ: دېڭىز قىزىدى، ياندى.

سَجَرَ الْمَاءَ فِي الْحَلْقُومِ: سۇنى گېلىغا قۇيدى.

سَجَرَ الْكَلْبَ: ئىتقا بويۇنچۇق ئېسىپ قويدى.

سَجْسٌ. سَجِسٌ : دۇغ سۇ، لاي سۇ.

سَجْسَجٌ ج سَجَاسِجُ: قاتتىقمۇ ئەمەس، يۇمشاقمۇ
ئەمەس يەر؛ سالقىن، سەلكىن شامال.

يَوْمٌ سَجْسَجٌ: مۆتىدىل كۈن، ئىللىق كۈن.

رِيحٌ سَجْسَجٌ: مەيىن شامال، ئىللىق شامال.

هَوَاءٌ سَجْسَجٌ: مۆتىدىل ھاۋا، ئىللىق ھاۋا.

سَجَعَ يَسْجَعُ سَجْعًا الْحَمَامُ: كەپتەر سايرىدى،
دەم تۈتتى، بىر خىل ئاھاڭدا گۈلۈك ـ گۈلۈك
قىلىپ سايرىدى.

سَجَعَتِ النَّاقَةُ: تۆگە بىر خىل ئاۋازدا بوقىرىدى.

سَجَعَ الشَّخْصُ الْكَلَامَ: قاپىيىلىك سۆزلىدى،
قاپىيىلىك گەپ قىلدى.

سَجْعٌ ج أَسْجَاعٌ: قاپىيىلىك سۆز.

سَجْعَةٌ ج سَجَعَاتٌ: قاپىيىلىك سۆزدىن بىر
ئابزاس.

سَجَفَ يَسْجُفُ سَجْفًا الْبَيْتَ: ئۆيىنىڭ پەردىسىنى
چۈشۈرۈۋەتتى.

سَجْفٌ. سِجْفٌ ج سُجُوفٌ وَأَسْجَافٌ: پەردە.

سُجُقٌّ: كالباسا، قېزى، ياغلىق ئۈچەي.

سَجَلَ يَسْجُلُ سَجْلًا السُّورَةَ أَوِالْقَصِيدَةَ: سۈرە
ياكى قەسىدىنى ئۈزۈلدۈرمەي ئوقىدى.

سَجَلَ الشَّيْءَ: ئارقىمۇ ئارقا ئەۋەتتى.

سَجْلٌ ج سِجَالٌ وَ سُجُولٌ: سوغا، چېلەك؛
ھەسسە، نېسىۋە.

سِجِلٌّ ج سِجِلَّاتٌ: خاتىرە دەپتەر، تىزىملاش
دەپتىرى، رويخەت.

«يَوْمَ نَطْوِي السَّمَاءَ كَطَيِّ السِّجِلِّ لِلْكُتُبِ»
«قۇرئان» : ئۇ كۈندە ئاسماننى (پۈتۈكچى)
نەرسە يېزىلغان قەغەزنى يۆگىگەندەك يۆگەيـ
مىز.

سِجِلُّ الشَّرَفِ: شەرەپ گۇۋاھنامىسى.

اَلسِّجِلُّ التِّجَارِيُّ: مەلۇم ئورۇندا تىجارەت بىلەن
شۇغۇللىنىدىغان شىركەتلەر ۋە شەخسلەر

ھەققىدىكى ئومۇمىي مەلۇمات دەپتىرى.

«لَمْ أَجِدْ إِسْمَكَ فِي السِّجِلِّ» : سېنىڭ ئىسمىڭنى تىزىملىكتە ئۇچراتمىدىم.

سِجِلَّاتٌ: ئارخىپ باشقارمىسى، ئارخىپخانا.

أَمِيْنُ سِجِلَّاتٍ: ئارخىپ باشقۇرۇش خادىمى.

سَجَمَ يَسْجُمُ سُجُومًا وَ سِجَامًا: (كۆز يېشى) ئاقتى، تۆكۈلدى.

سَجَمٌ: ياش؛ سۇ.

سَجَنَ يَسْجُنُ سَجْنًا ـ هُ: ئۇنى سولىدى، قاماپ قويدى، زىندانغا سالدى، تۈرمىگە تاشلىدى، تۈرمىگە ئالدى.

سَجَنَ الْهَمَّ: غەمنى يوشۇردى، ياپتى.

سَجَنَ لِسَانَهُ: سۆزلىمىدى، لام ـ جىم دېمىدى، تىلىنى يىغدى.

«سَجَنَتْهُ الْحُكُومَةُ تِسْعَ سَنَوَاتٍ» : ھۆكۈمەت ئۇنى توققۇز يىل قامىدى.

سِجْنٌ ج سُجُونٌ: قاماقخانا، تۈرمە، ھەپسخانا، زىندان، گۇندىخانا، سولاقخانا.

«فَلَبِسَ فِي السِّجْنِ بِضْعَ سِنِينَ» «قۇرئان» : يۈسۈپ زىنداندا بىرقانچە يىل يېتىپ قالدى.

حُمَّى السُّجُونِ: كېزىك، تەپ، ئەسۋە، تاشما.

سَجْنٌ: تۈرمىگە تاشلىماق، قولغا ئالماق.

«لَيْسَ شَيْءٌ أَحَقَّ بِطُولِ سَجْنٍ مِنْ لِسَانٍ» «حديث» : ئۇزۇن قاماشقا تىل ئەڭ تېگىشلىك.

سَجْنٌ مُؤَبَّدٌ: مۇددەتسىز قاماق.

سَجْنٌ مَعَ الْأَشْغَالِ الشَّاقَّةِ: ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش.

سَجَنْجَلٌ: ئالتۇن؛ زەپەر ئەينەك؛ كۈمۈش پارچىسى.

اَلسَّجْوَاءُ: ياۋاش، مۇلايىم.

نَاقَةٌ سَجْوَاءُ: (سۈتىنى) ساغقاندا جىم تۇرۇپ بېرىدىغان تۆگە، ياۋاش تۆگە.

رِيحٌ سَجْوَاءُ: ئىللىق شامال، مەيىن شامال، سالقىن شامال.

سُجُودٌ: سەجدە قىلماق، باش ئەگمەك، باش ئۇرماق.

سَجُورٌ: يېقىملىغۇ.

سَجُوعٌ: سايرايدىغان قۇش.

سُجُوقٌ: كالباسا، قېزى. ياغلىق ئۈچەي.

سَجُولٌ: كۆپ، مول.

عَيْنٌ سَجُولٌ: يېشى كۆپ كۆز.

سَجُومٌ: كۆپ.

عَيْنٌ سَجُومٌ: ياش تۆككۈچى كۆز.

نَاقَةٌ سَجُومٌ: سۈتلۈك تۆگە.

سَجِيحٌ: مۇلايىم، خۇش پېئىل، يېقىملىق، نازاكەتلىك.

خُلُقٌ سَجِيحٌ: خۇش ئەخلاق.

سَجِيْحَةٌ: تەبىئى خۇسۇسىيەت، تۇغما تەبىئەت.

سَجِيْرٌ ج سُجَرَاءُ: چىن دوست، ھەقىقىي دوست.

سَجِيْسٌ: دۇغ سۇ، لاي سۇ.

سَجِيسُ الدَّهْرِ: ئەبەدىي، مەڭگۈ.

سَجِيْفٌ: پەردە.

سَجِيْنٌ ج سُجَنَاءُ وَ سَجْنَى م سَجِينَةٌ ج سَجْنَى وَسَجَائِنُ: مەھبۇس، تۈرمىدە ياتقۇچى.

سَجِيْنٌ سِيَاسِيٌّ: سىياسىي مەھبۇس، سىياسىي جىنايەتچى.

«قَضَى مُعْظَمَ حَيَاتِهِ سَجِينًا» : ئۆمۈرنىڭ تولىسىنى تۈرمىدە ئۆتكۈزدى.

ضَرْبٌ سَجِينٌ: قاتتىق ئۇرماق.

سَجِيَّةٌ ج سَجَايَا: خۇسۇسىيەت، خۇلق، مىجەز، خاراكتېر، (ئادەمنىڭ) تەبىئەت، ئەخلاق.

حَسَنُ السَّجِيَّةِ: گۈزەل ئەخلاقلىق.

سَحَا يَسْحُو وَ يَسْحَى وَ يَسْحِي سَحْوًا الشَّيْءَ: ئاقلىدى، سويدى.

سَحَا يَسْحَا يَسْحِي وَ يَسْحُو الطِّينَ عَنْ وَجْهِ الْأَرْضِ: يەر يۈزىدىن لاينى قىرىۋەتتى.

سِحَاءٌ ج أَسْحِيَةٌ: دەرەخنىڭ پوستى، قوۋزىقى.

«سِحَاءُ هَذِهِ الشَّجَرَةِ رَقِيقٌ» : بۇ دەرەخنىڭ

قوۋزىقى نېپىز.

سِحَاءَةٌ ج سَحَايَا: مېگە پەردىسى؛ نېپىز تېرە؛ پوست.

سِحَائِيٌّ: مېگە پەردىسى خاراكتېرلىك.

اَلْاِلْتِهَابُ السِّحَائِيُّ: مېنىنگىت، مېگە (يۇلۇن) پەردە ياللۇغى.

سَحَابٌ ج سُحُبٌ: بۇلۇت.

«وَتَرَى الْجِبَالَ تَحْسَبُهَا جَامِدَةً وَهِيَ تَمُرُّ مَرَّ السَّحَابِ» (قرآن): تاغلارنى تۇرغۇن ھالەتتە گۇمان قىلىسەن، ھالبۇكى ئۇلار بۇلۇتتەك چۆرگىلەپ تۇرىدۇ.

سَحَابٌ مُرْتَفِعٌ: ئاق بۇلۇت.

سَحَابُ الصَّيْفِ: توپ بولۇپ تېز ئۆتۈپ كېتىدىغان بۇلۇت.

سَحَابَةٌ ج سَحَائِبُ: بۇلۇت.

سَحَابَةٌ بَيْضَاءُ: ئاپئاق بۇلۇت.

سَحَابَةَ الْيَوْمِ: پۈتۈن كۈن، ئەتىدىن - كەچكىچە، كۈن بويى.

ظَلَّ يَكْتُبُ سَحَابَةَ يَوْمِهِ: كۈن بويى يازدى.

أَقَمْتُ عِنْدَهُ سَحَابَةَ يَوْمِي: ئۇنىڭ يېنىدا كۈن بويى تۇردۇم.

قَضَى سَحَابَةَ يَوْمِهِ فِي عَمَلِ كَذَا: پالانى ئىشتا كۈننىڭ تولىسىنى ئۆتكۈزدى.

سَحَاةٌ ج سَحًى: ھويلا - ئارام، قورۇ؛ رايون؛ خامان، تىكەنلىك دەرەخ، يان تەرەپ.

سَحَاحٌ: ھاۋا، ئاتموسفېرا.

سُحَاقٌ: ئۆپكە كېسەللىكى.

سِحَاقٌ: ئەركەكزەدەك ئويىنىماق، جىنسىي ئالاقە قىلىشماق.

سُحَامٌ: قارا، قارا رەڭ، قارا رەڭلىك.

سِحَايَةٌ ج سَحَايَا: پوست؛ مېگە پەردىسى؛ نېپىز تېرە.

سَحَبَ يَسْحَبُ سَحْبًا: تارتتى، سۆرىدى، چېكىندۈردى، ئارقىغا قايتۇردى.

«يَوْمَ يُسْحَبُونَ فِي النَّارِ عَلَى وُجُوهِهِمْ» (قرآن): ئۇلار دوزاختا يۈز ياتقۇزۇلۇپ سۆرىلىدىغان كۈندە، . . .

سَحَبَ شِيْكًا: چەكنى كېسىپ بەردى، چەك يېزىپ بەردى.

سَحَبَ ضِمَانَةً: كېپىلنى تارتتى.

سَحَبَ الْجَيْشَ: قوشۇننى چېكىندۈردى.

سَحَبَ ذَيْلَهُ: تەكەببۇرانە ماڭدى.

سَحَبَ ذَيْلَهُ عَلَى الْأَمْرِ: يوشۇردى، كۆز يۇمدى، كۆرمەسلىككە سالدى.

سَحَبَ مَالاً مِنَ الْمَصْرِفِ: بانكىدىن ئامانەتكە قويغان پۇلنى ئالدى.

سَحْبٌ: سۆرىمەك، تارتماق، چېكىندۈرمەك، قايتۇرماق.

سَحْبٌ مِنَ التَّدَاوُلِ: پۇلنى قايتۇرۇۋالماق، پۇلنى يىغىۋالماق، تارقىتىشنى توختاتماق.

سَحْبُ الْاِعْتِمَادِ: شىركەتكە ئىلگىرى بېرىلگەن رۇخسەتنى بىكار قىلىش.

«قَامَ الشُّرْطِيُّ بِسَحْبِ رُخْصَةِ الْقِيَادَةِ مِنْهُ»: ساقچى ئۇنىڭ پراۋسىنى ئېلىۋالدى.

سَحْبَانُ: سەھبان (ئەرەبلەردە ئۆتكەن بىر ناتىق).

لَهُ بَلَاغَةُ سَحْبَانِ: ئۇ سۆزگە ئۇستا، ئۇ دېگەن ناتىق.

سَحَتَ يَسْحَتُ سَحْتًا: ھارام قىلدى، خاراب قىلدى، ۋەيران قىلدى.

سَحَتَ الشَّيْءَ: يىلتىزىدىن قومۇردى.

سَحَتَ فِي التِّجَارَةِ: ھارام كەسىپ قىلدى.

سَحَتَ الشَّحْمَ عَنِ اللَّحْمِ: ماينى گۆشتىن ئاجرىتىۋالدى.

سَحَتَهُ: بوغۇزلىدى.

سَحْتٌ: كونا كىيىم؛ ئازاب، جازا؛ قاتتىق سوغۇق.

سُحْتٌ ج أَسْحَاتٌ: ھارام نەرسە، ھارام مال، ھارام پايدا، قانۇنسىز تاپاۋەت.

«سَمَّاعُونَ لِلْكَذِبِ أَكَّالُونَ لِلسُّحْتِ» (قرآن): ئۇلار يالغانغا قۇلاق سالغۇچىلاردۇر، (پارا ۋە جازانىغا ئوخشاش) ھارامنى يېگۈچىلەردۇر.

اَلسُّحْتُ مِنَ النَّاسِ: تويماس ئادەم.

سَحَجَ يَسْحَجُ سَحْجًا الْعُودَ: ياغاچنى ئاقلىدى.

سَحَجَ الْجِلْدَ: تېرىنى سويدى.

سَحْجٌ: شامال، سۇ ۋە مۇز قاتارلىقلارنىڭ تەسىرى بىلەن قورام تاشلارنىڭ ئۇپرىشى (گېئولوگىيىدە).

سَحْجَةٌ ج سَحْجَاتٌ: تاتلاپ يارا قىلماق.

سَحَّ يَسُحُّ سَحًّا الْمَاءُ: سۇ ئاقتى، قۇيۇلدى، تۆكۈلدى، ئۇرغۇپ چىقتى، ئېتىلىپ چىقتى.

سَحَّ الْمَطَرُ: يامغۇر قۇيۇلدى.

سَحَّ الشَّخْصَ: قامچىلىدى، دەررە ئۇردى.

«سَحَّهُ عِشْرِينَ سَوْطًا»: ئۇ ئۇنى يىگىرمە قامچا ئۇردى.

سَحَّ الْقَصِيْدَةَ: قەسىدىنى راۋان ئوقۇدى.

سَحَّتْ عَيْنُهُ: يىغلىدى، كۆز يېشى قىلدى.

سَحَّاحٌ: يامغۇردەك ياش تۆككۈچى.

عَيْنٌ سَحَّاحَةٌ: يېشى كۆپ كۆز، ياش قۇيۇلۇپ تۇرىدىغان كۆز.

سَحَّارٌ ج سَحَّارُونَ: جادۇگەر، سېھىرگەر، كۆز باغلىغۇچى.

«يَأْتُوكَ بِكُلِّ سَحَّارٍ عَلِيمٍ» «قرآن»: ئۇلار سېنىڭ ھوزۇرىڭغا ناھايىتى ئۇستا سېھىرگەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كېلىشۇن.

سَحَّارَةٌ ج سَحَّارَاتٌ: بىر خىل ئالاھىدە شەكىللىك ساندۇق؛ باخشى، پېرىخون (ئايال).

سَحَّتَ يُسَحِّتُ تَسْحِيتًا: قانۇنسىز پايدا ئالدى، ھارام كەسىپ قىلدى، ھارام پايدا ئالدى، ۋەيران قىلىشقا قاراپ ماڭدى. بۇزغۇنچىلىق قىلدى.

سَحَّجَ يُسَحِّجُ تَسْحِيجًا: قىردى، ئاقلىدى، سويدى.

سَحَّرَ يُسَحِّرُ تَسْحِيرًا ـ هُ: ئۇنى ئالدىدى، ئۇنىڭ كۆزىنى باغلىدى؛ سوھۇرلۇق بەردى.

«سَحَّرَ ضُيُوفَهُ وَصَامَ دُونَ سُحُورٍ»: مېھمانلىرىغا سوھۇرلۇق بېرىپ ئۆزى سوھۇرلۇقسىز روزا تۇتتى.

سَحَّمَ يُسَحِّمُ تَسْحِيمًا: قارا قىلىۋەتتى.

«سَحَّمَ الْفَحْمُ يَدَيْهِ وَوَجْهَهُ»: كۆمۈر ئۇنىڭ ئىككى قولىنى ۋە يۈزىنى قارايتىۋەتتى.

سَحَّى يُسَحِّي تَسْحِيَةً: قىردى، سويدى.

سَحَرَ يَسْحَرُ سَحْرًا الشَّخْصَ: كۆزىنى باغلىدى، مەپتۇن قىلدى، مەھلىيا قىلدى، مەسلىكىنى كەلتۈردى؛ قايمۇقتۇردى، گاڭگىراتتى.

«فَلَمَّا أَلْقَوْا سَحَرُوا أَعْيُنَ النَّاسِ» «قرآن»: ئۇلار ھاسا، ئارغامچىلارنى تاشلاپ كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى باغلىدى.

سَحَرَ يَسْحَرُ سُحُورًا الشَّخْصُ: سوھۇرلۇق يېدى (رامزاندا).

«مِنَ النَّاسِ مَنْ يَسْحَرُ وَمِنْهُمْ مَنْ يَصُومُ مِنْ غَيْرِ سَحُورٍ»: بەزى كىشىلەر سوھۇرلۇق يەيدۇ ۋە بەزىلەر سوھۇرلۇق يېمەي روزا تۇتىدۇ.

سَحَرَتْهُ الْخَمْرَةُ: ھاراق ئۇنى مەست قىلىپ قويدى.

سِحْرٌ ج أَسْحَارٌ وَ سُحُورٌ: كۆز باغلاش، سېھىرگەرلىك؛ مەھلىيا قىلماق، مەپتۇن قىلماق، ئازدۇرماق.

«أَسِحْرٌ هَذَا وَلَا يُفْلِحُ السَّاحِرُونَ» «قرآن»: ئەجەبا بۇ سېھىرمۇ؟ سېھىرگەرلەر مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ.

سَحَرٌ ج أَسْحَارٌ: سۇبھى، تاڭ، سەھەر.

«وَبِالْأَسْحَارِ هُمْ يَسْتَغْفِرُونَ» «قرآن»: ئۇلار سەھەرلەردە (پەرۋەردىگارىدىن) مەغپىرەت تىلەيتتى.

سَحْرٌ، سَحَرٌ، سُحْرٌ ج سُحُورٌ وَ سُحُرٌ وَ أَسْحَارٌ وَ سُحَارَةٌ: ئۆپكە، يۈرەك.

سِحْرِيٌّ: سېھىرگەرلىك، سېھىرگە مەنسۇپ.

اَلْعَيْنُ السِّحْرِيَّةُ: ئېلېكتىر كۆز، بەلگە چىراغ؛ مەنپى قۇتۇپ.

سَحَطَ يَسْحَطُ سَحْطًا و مَسْحَطًا ـ هُ: تېز سۇرئەتتە بوغۇزلىدى.

سَحَطَهُ الطَّعَامُ: تاماق گېلىدا تۇرۇپ قالدى.

سَحَطَ الشَّرَابَ: ئىچىملىككە سۇ ئارىلاشتۇردى.

سَحَطَ وَلَدَ الشَّاةِ: قوزىنى ئانىسىغا قوشۇپ قويدى.

سَحَقَ يَسْحَقُ سَحْقًا الشَّيْءَ: سوقتى، يانجىدى، ئەزدى، ئېزىۋەتتى، كۇكۇم ـ تالقان قىلدى.

سَحَقَ الْحَبَّ: ئاشلىقنى يانجىدى.

سَحَقَهُ: ئۇنى ھالاك قىلدى، گۇمران قىلدى.

سَحَقَ الثَّوْبَ: كىيىمنى يىرتتى.

«سَحَقَ الْحَشَرَةَ بِقَدَمِهِ»: ھاشارەتنى پۇتى بىلەن يانجىۋەتتى.

سَحِقَ يَسْحَقُ سَحْقًا الشَّيْءُ: يىراق بولدى، يىراقلاشتى.

سَحُقَ يَسْحُقُ سُحْقًا: يىراق بولدى.

سَحُقَ يَسْحُقُ سُحُوقَةً وَ سَحَاقَةً الثَّوْبُ: كىيىم كونىرىدى، جۇل - جۇل بولدى.

سَحْقٌ: ئەزمەك، تالقانلىماق، سوقماق، يانجىماق، ھالاك قىلماق.

سَحْقٌ جـ سُحُوقٌ: كونا كىيىم، جۇل - جۇل كىيىم، يىرتىق كىيىم؛ نېپىز بۇلۇت.

سُحْقٌ. سُحُقٌ: يىراق، ئۇزاق، ئۇزۇن، يىراقلىق.

سُحْقًا لَهُ: (ئاللاھ ئۇنى رەھمىتىدىن) يىراق قىلسۇن.

«فَاعْتَرَفُوا بِذَنْبِهِمْ فَسُحْقًا لِأَصْحَابِ السَّعِيرِ»

«قرآن»: ئۇلار گۇناھىنى تونۇيدۇ، ئەھلى دوزاخ ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولسۇن!

«لَمْ نَسْتَطِعْ الْوُصُولَ إِلَى قَعْرِ الْبِئْرِ لِسُحْقِهِ»: چوڭقۇر بولغانلىقى ئۈچۈن قۇدۇقنىڭ تېگىگە يېتەلمىدۇق.

سَحَلَ يَسْحَلُ سَحْلاً الشَّيْءَ: يانجىدى.

سَحَلَهُ بِلِسَانِهِ: تىللىدى، ئەيىبلىدى.

سَحَلَ الْحَبْلَ: ئارغامچىنى ئەشتى.

سَحَلَ الْغَرِيْمَ مِائَةَ دِرْهَمٍ: قەرزدارغا يۈز دىرھەم بەردى.

سَحَلَهُ مِائَةَ سَوْطٍ: ئۇنى يۈز قامچا ئۇردى؛ ئۇنى يۈز دەررە ئۇردى.

سَحَلَ الشَّخْصَ: ئۇنى تېرىلىرى تىتما - كاتاڭ بولۇپ كەتكىچە سۆرىدى.

سَحَلَ الْكِتَابَ: كىتابنى ئۈزۈلدۈرمەي ئوقۇدى.

سَحَلَتِ الْعَيْنُ: يىغلىدى، ياش تۆكۈلدى، ياش قۇيۇلدى.

سَحَلَ الْبَغْلُ: خېچىر ھاڭرىدى.

سَحْلٌ: نەق پۇل، بانكىدا ساقلانغان پۇل.

سُحَلَةٌ: ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان توشقان بالىسى.

سَحْلَفَةٌ جـ سَحَالِفُ: تاشپاقا.

سِحْلِيَّةٌ جـ سَحَالٍ: دېڭىز قىرغىقىنىڭ، دېڭىز قىرغىقىغا تەۋە؛ كەسلەنچۈك.

سَحِمَ يَسْحَمُ سَحَمَ يَسْحُمُ سَحْمًا: قارايدى، قاراڭغۇلاشتى، قارىيىپ كەتتى.

«سَمَتِ السَّمَاءُ مِنْ دُخَانِ الْمَصَانِعِ»: ئاسمان زاۋۇتلارنىڭ تۈتۈنىدىن قارىيىپ كەتتى.

سَحَمٌ: تۆمۈر.

سَحَمٌ. سُحْمَةٌ: قارا.

سَحَمَةٌ: تۆمۈر دۆۋىسى.

سَحَنَ يَسْحَنُ سَحْنًا الْحَجَرَ: تاشنى سىلىقلاتتى، پارقىراتتى؛ تاشنى ئۇۋىدى، چوقىدى، سۇندۇردى.

سَحَنَ الشَّيْءَ: ئەزدى، يۇمشاتتى، كۇكۇم - تالقان قىلدى.

«سَحَنَ الْحَبَّ حَتَّى صَارَ طَحِينًا»: ئاشلىقنى يانجىپ ئۇنغا ئايلاندۇردى.

سَحَنَ الْخَشَبَةَ: ياغاچنى سىلىقلىدى.

سَحْنَاءُ: قىياپەت، شەكىل، سىما، رەڭگىروي، ئەپت - بەشىرە، چىراي، چېھرى، يۈز.

«عَرَفْتُ مِنْ سَحْنَائِهِ أَنَّهُ أَجْنَبِيٌّ»: ئۇنىڭ قىياپىتىدىن ئۇنىڭ چەت ئەللىك ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

سَحْنَةٌ. سَحَنَةٌ: قىياپەت، شەكىل، سىما، رەڭگىروي، ئەپت - بەشىرە، چىراي، چېھرى، يۈز.

سَحُوجٌ: قەسەمخور ئايال.

سَحُوحٌ: يامغۇرنى قۇيۇۋېتىدىغان بۇلۇت.

سُحُورٌ: سوھۇرلۇق تاماق يېمەك.

«يَصُومُ دُونَ سُحُورٍ»: ئۇ سوھۇرلۇقسىز روزا تۇتىدۇ.

سَحُورٌ جـ سُحُرٌ: سوھۇرلۇق تاماق.

«تَنَاوُلُ السَّحُورِ يُخَفِّفُ عِبْءَ الصِّيَامِ»: سوھۇرلۇق يېيىش رامزاننىڭ يۈكىنى يېنىك-

لەشتۈرىدۇ.

سَخُوقٌ تۆگىمەن ئاۋازى؛ سۈتنى ساغقان چاغدىكى ئاۋاز.

سَخُوْقٌ مِنَ النُّوقِ: ئۇزۇق تۆگە؛ بېلى ئۇزۇن تۆگە.

سَحَى يَسْحُو وَ يَسْحَا و يَسْحِي سَحْيًا: گۆرجەكلەپ ئالدى؛ قىردى، سويدى.

سَحِيتٌ: تويماس، قارنى يامان، يوقالغان.

مَالٌ سَحِيتٌ: يوقالغان مال، زايا بولۇپ كەتكەن مال.

سَحِيْجٌ: سويۇلغان، قىرىلغان، ئاقلانغان.

سَحِيرٌ: قورسىقى ئاغرىق، قورساقلىق ئات قۇدە قىلىنغان چولق.

سَحِيْطٌ: بوغۇزلانغان قوي.

سَحِيْقٌ: تۆگىمەن ئاۋازى، يارغۇنچاقنىڭ ئاۋازى.

سَحِيْقٌ: يىراق، چوڭقۇر، ئۇزۇن.

«أَوْتَهْوِي بِهِ الرِّيحُ فِي مَكَانٍ سَحِيقٍ» «قۇرآن»: ياكى بوران ئۇنى ئېلىپ بېرىپ يىراق جايغا تاشلىۋېتكەندەك بولۇپ قالىدۇ.

مِنْ زَمَنٍ سَحِيْقٍ: ئۇزاق زاماندىن بېرى.

سَحِيْقَةٌ: قارا يامغۇر، قاتتىق يامغۇر.

هُوَّةٌ سَحِيْقَةٌ: چوڭقۇر ئازگال، چوڭقۇر ئورا؛ تېگى يوق يار.

سَخَا يَسْخُو سَخَاءً: سېخى بولدى، مەرد بولدى، كەڭ قول بولدى.

«سَخَا بِمَالِهِ لِلْمُحْتَاجِينَ»: ھاجەتمەنلەرگە پۇل ـ مال بەردى.

سَخَا النَّارَ: ئوتنى چوقچىلىدى، ئوتنى كوچىلىدى.

سَخَاءٌ: سېخىلىق، قولى ئوچۇقلۇق، مەردلىك.

بِسَخَاءٍ: سېخىلىق بىلەن، ئوچۇق قوللۇق بىلەن.

سِخَابٌ ج سُخُبٌ: كىچىك بالىلار بوينىغا ئاسىدىغان ئادەتتى مارجان، بالىلار بويۇن مارجىنى.

سَخَافَةٌ: ھاماقەتلىك، كالتە پەملىك، ھاڭۋاقتىلىق، ئاجىزلىق، بوشاڭلىق، ئەقىلسىزلىق.

سُخَامٌ: قازاننىڭ قارىسى، قازان كۈيىسى، قازان قورۇمى، كۆمۈر؛ گالدىن سىلىق ئۆتىدىغان ھاراق؛ يۇمشاق پەي.

«تَلَوَّثَتْ يَدَاهُ بِالسُّخَامِ»: ئىككى قولى قازان قورۇمى بىلەن مىلىنىپ كەتتى.

لَيْلٌ سُخَامٌ: قاراڭغۇ كېچە، تۈن.

رِيشٌ سُخَامٌ: يۇمشاق پەي.

سَخَانَةٌ: ئىسسىقلىق، ھارارەت.

سَخَاوَةٌ: سېخىلىق، قولى ئوچۇقلۇق؛ يۇمشاقلىق، مۇلايىملىق.

سَخُتٌ: ساغلام؛ شىددەتلىك، كۈچلۈك، قاتتىق.

سُخْتٌ: توم تۆۋاق ھايۋانلارنىڭ تېزىكى.

سَخَّانٌ م سَخَّانَةٌ ج سَخَّانَاتٌ: سۇ ئىسسىتىش ئەسۋابى، سۇ ئىسسىتقۇچ، پار قازىنى.

سَخَّرَ يُسَخِّرُ تَسْخِيرًا: مۇسەخخەر قىلدى، بويسۇندۇردى.

«أَللّٰهُ الَّذِي سَخَّرَ لَكُمُ الْبَحْرَ لِتَجْرِيَ الْفُلْكُ فِيْهِ بِأَمْرِهِ وَلِتَبْتَغُوا مِنْ فَضْلِهِ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُوْنَ» «قۇرآن»: ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن دېڭىزدا كېمىلەرنىڭ يۈرۈشى ئۈچۈن، سىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىشىڭلار ئۈچۈن ۋە (ئاللاھقا) شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى.

سَخَّرَ الشَّيْءَ عَلَيْهِ: ئۇنىڭغا مۇسەللەت قىلدى.

سَخَّرَ الشَّخْصَ: ئۇنى ھاشارغا سالدى، ھەقسىز ئىشقا سالدى، ئۇنى باستى.

«سَخَّرَهَا عَلَيْهِمْ سَبْعَ لَيَالٍ وَ ثَمَانِيَةَ أَيَّامٍ» «قۇرآن»: ئاللاھ ئۇلارغا بوراننى يەتتە كېچە، سەككىز كۈندۈز ئاپىرىدە قىلدى.

سَخَّفَ يُسَخِّفُ تَسْخِيفًا: ئاجىزلاشتۇردى.

سَخَّفَ الْكِبَرُ عَقْلَهُ: قېرىلىق ئۇنىڭ ئەقلىنى ئاجىزلاشتۇردى.

«سَخَّفَ بَعْضُ النَّاسِ آرَاؤَهُ فَانْسَحَبَ مِنَ الْمَجْلِسِ»: بەزى كىشىلەر ئۇنىڭ پىكىرلىرىنى يارىماسقا چىقارغان ئىدى، ئۇ يىغىندىن چېكىنىپ چىقتى.

سَخَلَ يَسْخَلُ تَسْخِيلاً: ئەيىبلىدى، مالامەت قىلدى؛ ئاجىزلاتتى.

سَخَّمَ يُسَخِّمُ تَسْخِيمًا اللَّحْمَ: گۆش سېسىپ قالدى، گۆش پۇراپ قالدى، چىرىپ قالسۇن.

سَخَّمَ اللّٰهُ وَجْهَهُ: ئاللاھ ئۇنىڭ يۈزىنى قارا قىلدى.

سَخَّمَهُ بِصَدْرِهِ: ئۇنى تېرىكتۈردى، ئاچچىقىنى كەلتۈردى، ئۇغىسىنى كەلتۈردى.

سَخَّمَ الْمَاءَ: سۇنى قىزىتتى، ئىسسىتتى.

سَخَّنَ يُسَخِّنُ تَسْخِينًا: قىزىتتى، ئىسسىتتى.

«سَخِّنْ لَنَا الطَّعَامَ»: بىزگە تاماقنى ئىسسىتىپ بەرگىن.

سِخِّينٌ ج سَخَاخِينُ: جاللات پىچىقى، قاسساپنىڭ پىچىقى، كۈرەك.

سَخِرَ يَسْخَرُ سُخْرِيَةً وَ سُخْرِيَّةً مِنْهُ وَبِهِ: مەسخىرە قىلدى، زاڭلىق قىلدى، كۈلدى.

«وَيَصْنَعُ الْفُلْكَ وَكُلَّمَا مَرَّ عَلَيْهِ مَلَأٌ مِنْ قَوْمِهِ سَخِرُوا مِنْهُ» (قۇرئان): نۇھ كېمە ياسىدى، قەۋمىنىڭ چوڭلىرى ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە ئۇنى مەسخىرە قىلىشتى.

«لاَ يَسْخَرْ قَوْمٌ مِنْ قَوْمٍ عَسَى أَنْ يَكُونُوا خَيْرًا مِنْهُمْ» (قۇرئان): بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغان قەۋم (ئاللاھنىڭ نەزىرىدە) مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن....

سَخَرَ يَسْخَرُ سُخْرِيًّا وَسِخْرِيًّا: (خالىمىغان ئىشقا) زورلىدى، مەجبۇرلىدى، باستى؛ هاشارغا سالدى، بىكارغا ئىشقا سالدى.

سُخْرَةٌ: زاڭلىق، مەسخىرە، مازاق، كۈلكە؛ مەسخىرە ئوبيېكتى؛ مەجبۇرىي ئەمگەك، هاشار.

«جَعَلَهُ تَصَرُّفُهُ سُخْرَةً»: ئۇنىڭ ھەرىكىتى ئۇنى كۈلكىگە قالدۇردى.

اَلسُّخَرَةُ: مەسخىرىۋاز.

«كَانَ سُخَرَةً فَكَرِهَهُ أَصْحَابُهُ»: ئۇ مەسخىرىۋاز بولغاچقا، ھەمراھلىرى ئۇنى يامان كۆرۈپ قالدى.

سُخْرِيٌّ: كۈلكىلىك، مەنىسىز، مەسخىرە، مەسخىرە خاراكتېرلىك.

سُخْرِيَّةٌ: مەسخىرە، مازاق.

سَخِطَ يَسْخَطُ سُخْطًا الرَّجُلُ: غەزەپلەندى، خاپا بولدى، ئاچچىقلاندى، دەرغەزەپ بولدى.

سَخِطَ الشَّيْءَ: ياقتۇرمىدى، يامان كۆردى.

سَخِطَ عَلَيْهِ: غەزەپلەندى، خاپا بولدى، ئۇنىڭغا نەپرەتلەندى.

«لَبِئْسَ مَاقَدَّمَتْ لَهُمْ أَنْفُسُهُمْ أَنْ سَخِطَ اللّٰهُ عَلَيْهِمْ» (قۇرئان): ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن ئالدىن تەييارلىغان ئەمەللىرى نېمىدېگەن يامان! (بۇ ئەمەللەر) ئۇلارغا ئاللاھنىڭ غەزىپىنى ئېلىپ كەلدى.

«سَخِرَ مِنْهُ أَصْحَابُهُ فَسَخِطَ عَلَيْهِمْ»: ئۇنىڭ بۇرادەرلىرى ئۇنى زاڭلىق قىلغان ئىدى، ئۇ ئۇلارغا ئاچچىقلاندى.

سُخْطٌ . سَخَطٌ: غەزەپ، ئاچچىق، خاپىلىق، چېچىلماق.

«أَفَمَنِ اتَّبَعَ رِضْوَانَ اللّٰهِ كَمَنْ بَاءَ بِسَخَطٍ مِنَ اللّٰهِ» (قۇرئان): ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىگەن كىشى ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچراشقا تېگىشلىك بولغان كىشىگە ئوخشامدۇ؟

سَخُفَ يَسْخُفُ سُخْفًا وَ سَخَافَةً: ئاجىزلاشتى، زەئىپلەشتى؛ كالۋالاشتى.

«سَخُفَ عَقْلُهُ وَسَخُفَتْ آرَاؤُهُ»: ئۇنىڭ ئەقلى ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ پىكىرلىرى مەنىسىز بولدى.

سُخْفٌ . سَخَافَةٌ ج سَخَافَاتٌ: كالۋالىق، كالتە پەملىك، ھاڭۋاقتىلىق، ئاجىزلىق، بوشاڭلىق، ئىقتىدارسىزلىق، ھاماقەتلىك.

سُخْفَةٌ: ئەقلىي ئاجىزلىق؛ ئورۇقلۇق.

سَخَلَ يَسْخَلُ سَخْلاً الشَّيْءَ: ئالداپ ئېلىۋالدى.

سُخْلٌ: ئىقتىدارسىز ئادەم؛ كېرەكسىز نەرسە.

سَخْلٌ ج سُخْلٌ وَ سُخَّالٌ: ئاجىز، پەس، كەمتۈك نەرسە.

سَخْلَةٌ ج سَخْلٌ وَ سِخَالٌ وَسَخْلَةٌ وَ سُخْلاَنٌ: قوزا، پاقلان.

سَخَمٌ: قارا.

سَخْمَاءُ ج سُخْمٌ وَ سُخُمَوَاتٌ: قارا.

سُخْمَةٌ: قارا؛ غەزەپ؛ ئاداۋەت؛ ئۆچمەنلىك.

سُخْمَطٌ: غەزەپ.

سَخِنَ يَسْخَنُ سَخَنًا الشَّيْءُ: ئىسسىدى، قىزىدى.

سَخِنَتْ عَيْنُهُ: غەم - قايغۇدىن كۆزى قىزىرىپ كەتتى.

سَخُنَ يَسْخُنُ سُخُونَةً وَ سَخَانَةً وَ سَخَنًا وَ سُخْنًا وَ سُخْنَةً الشَّيْءُ: ئىسسىدى، قىزىدى.

سَخَنَ يَسْخُنُ سُخُونَةً: ئىسسىدى، ئىللىدى، قىزىدى.

«فِي الصَّيْفِ يَسْخُنُ الْجَوُّ وَيَطُولُ النَّهَارُ»: يازدا ھاۋا ئىسسىپ كۈن ئۇزىرايدۇ.

سُخْنٌ: قىزىق، ئىسسىق.

سَخْنَانٌ: قىزىق، ئىسسىق.

سُخْنَةٌ: قىزىتما، ئىسسىق، قىزىق.

عَلَيْكَ بِالْأَمْرِ عِنْدَ سُخْنَتِهِ: تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق.

«أُصِيبَ بِالسُّخْنَةِ»: ئۇ قىزىتمىغا گىرىپتار بولدى.

سَخُوَ يَسْخُوْ سَخَاوَةً: سېخى بولدى، مەرد بولدى.

سُخُونَةٌ: ئىسسىقلىق، ھارارەت.

سَخِيَ يَسْخَى سَخًا: سېخى بولدى، مەرد بولدى، كەڭ قول بولدى.

سَخَتْ نَفْسُهُ عَنِ الشَّيْءِ: تاشلىۋەتتى، تەرك ئەتتى، ۋاز كەچتى.

«لَمْ تَسْخَ نَفْسُهُ أَيَّ شَيْءٍ مِنْ مَالِهِ»: مېلىدىن قىلچە بىر نەرسە بېرىشكىمۇ چىدىمىدى.

سَخِيتٌ: ساغلام؛ شىددەتلىك، كۈچلۈك.

سَخِيفٌ ج سُخَفَاءُ: ئاجىز، ناچار، نامۇۋاپىق، زەئىپ، كۈچسىز، نازۇك؛ بىمەنە.

سَخِيفُ الْعَقْلِ: كەم ئەقىل، كالتە پەم، دۆت، كالۋا.

«هَذَا رَأْيٌ سَخِيفٌ»: بۇ مەنىسىز پىكىر.

سَخِيمَةٌ ج سَخَائِمُ: يامان غەرەز، ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت، يامان نىيەت. دۈشمەنلىك، ئىسسىق تاماق.

سَخِينٌ: ئىسسىق؛ كۆزنىڭ يىغلاش سەۋەبىدىن قىزىرىپ كېتىشى؛ تاياق تەگكەن جاينىڭ ئېچىشىپ ئاغرىشى.

سَخِينَةٌ: قىزىق، ئىسسىق.

سَخِيٌّ ج أَسْخِيَاءُ م سَخِيَّةٌ ج سَخِيَّاتٌ: قولى ئوچۇق، كەڭ قورساق، سېخى، مەرد.

«هُوَ سَخِيٌّ بِالْكَلَامِ شَحِيحٌ بِالْعَمَلِ»: ئاغزىدا شەھەر ئالىدۇ، قولىدىن ئىش كەلمەيدۇ.

«كَانَ حَاتِمٌ سَخِيًّا»: ھاتەم كەڭ قول ئادەم ئىدى.

سَدَا يَسْدُوْ سَدْوًا بِيَدِهِ: قول سۇندى، قول سوزدى، قول ئۇزارتتى.

سَدَادٌ: ھەققانىيلىق، توغرىلىق، راستچىللىق، مۇۋاپىقلىق.

سَدَادُ الْقَارُورَةِ: قان نوكچىسى.

سَدَادًا لِكَذَا: قايتۇرۇش يۈزىسىدىن، تۆلەش يۈزىسىدىن.

«اَللَّهُمَّ اهْدِنَا إِلَى السَّدَادِ»: ئاللاھ بىزنى توغرىلىققا يېتەكلىگىن.

سُدَادٌ: بۇرۇندىكى نەپەسنى توسىۋالىدىغان بىر خىل كېسەللىك (بەدەندىكى قان تومۇرلارنى توسىۋالىدىغان توسالغۇلارغىمۇ قارىتىلىدۇ)

سِدَادٌ وَ سِدَادَاتٌ: پۈكەت، پۈرۈپكا.

سِدَادٌ ج أَسِدَّةٌ: چېگرا، توساق.

سِدَادُ الثَّغْرِ: پورت چېگرىسى، دېڭىز شەھەر چېگراسى.

سِدَادَةٌ ج سِدَادَاتٌ: پۈكەت، پۈرۈپكا، ئېغىز ئەتكۈچ.

«لَا تُقَلِّبْ هَذِهِ الزُّجَاجَةَ فَسِدَادَتُهَا لَيْسَتْ مُغْلَقَةً بِإِحْكَامٍ»: بۇ بوتۇلكىنى دۈم قىلما، ئۇنىڭ ئاغزى پۇختا ئېتىلمىگەن.

سَدَاةٌ: ئۆرۈش (توقۇمىچىلىق ئاتالغۇسى).

سَدَاةُ النَّسِيجِ: ئۆرۈش يىپ.

سُدَاسَ: ئالتىدىن - ئالتىدىن.

«جَاءُوا سُدَاسَ»: ئالتىدىن - ئالتىدىن بولۇپ كەلدى.

سُدَاسِيٌّ: ئالتە بۆلەكلىك، ئالتە بۇرجەكلىك،

ئالته تەرەپلىك.

سُدَاسِيُّ الْحُرُوفِ: ئالته ھەرپلىك سۆز.

سُدَاسِيُّ الْأَرْكَانِ: ئالته تەرەپلىك، ئالته بۇرجەكلىك.

شَكْلٌ سُدَاسِيٌّ: ئالته تەرەپلىك، ئالته بۇرجەكلىك.

سُدَاسِيُّ السُّطُوحِ: ئالته ياقلىق.

فِعْلٌ سُدَاسِيٌّ: ئالته ھەرپلىك پېئىل.

حَشَرَةٌ سُدَاسِيَّةُ الْأَرْجُلِ: ئالته پۇتلۇق ھاشارات.

سِدَافَةٌ: پەردە (دېرىزىنىڭ).

سَدَانَةٌ: كەئبىنىڭ خىزمىتىنى قىلماق.

سَدَجَ يَسْدُجُ سَدْجًا بِالشَّيْءِ: پەرەز قىلدى، مۆلچەرلىدى، قىياس قىلدى.

سَدَحَ يَسْدَحُ سَدْحًا: بوغۇزلاپ يەرگە تاشلاپ قويدى، ئۆلتۈردى.

سَدَحَ الْجَمَلَ: تۆگىنى چۆك قىلدى، تۆگىنى يەرگە ياتقۇزۇپ بوغۇزلىدى.

سَدَحَ بِالْمَكَانِ: مەلۇم ئورۇندا تۇردى.

سَدَّ يَسُدُّ سَدًّا الْإِنَاءَ: قاچىنى ئېتىۋەتتى، يېپىۋەتتى، قاپلىدى، پېچەتلىدى، چاپلىدى، بېكىتتى.

سَدَّ الْبَابَ: ئىشىكنى ئېتىۋەتتى، ئىشىكنى تاقىدى.

سَدَّ الْقَنَاةَ: توسمىنى ئەتتى.

سَدَّ ثَغْرَةً: يوچۇقنى ئېتىۋەتتى، كامارنى ئەتتى.

سَدَّ الرَّمَقَ بِهِ: جان باقتى، ھاياتىنى ساقلىدى، ئاران كۈن ئۆتكۈزدى.

سَدَّ النَّفَقَاتِ: راسخوت بەردى.

سَدَّ الْفَجْوَةَ: ئارىلىقنى تولدۇردى.

سَدَّ مَسَدَّهُ: ۋاكالىتەن خىزمەت ئۆتىدى، ئورنىنى باستى.

سَدَّ فَرَاغًا: بوشلۇقنى تولدۇردى.

سَدَّ نَقْصًا: بوشلۇقنى تولدۇردى.

«يَسُدُّ النَّهْرُ الْكَبِيرُ الطَّرِيقَ» : چوڭ ئۆستەڭ يولنى توسۇۋالماقتا.

سَدَّ أُذُنَيْهِ: دىققەت قىلمىدى.

سَدَّهُ: ئۇنى توستى.

سَدَّ عَلَيْهِ بَابَ الْكَلَامِ: ئاغزىنى توستى، سۆزلەشكە توسقۇنلۇق قىلدى.

سَدَّ حَاجَتَهُ: ئېھتىياجىنى قاندۇردى، ھاجىتىنى راۋا قىلدى ، ھاجىتىدىن چىقتى.

سَدَّ يَسَدُّ و يَسِدُّ سَدَادًا الشَّخْصُ: توغرا بولدى، سۆز ھەرىكىتىدە راستچىل بولدى.

سَدَّ الْقَوْلُ أَوِالْفِعْلُ: سۆز ياكى ئىشى توغرا بولدى.

سَدٌّ : (قاچىنى) ياپماق، توسماق، توسالغۇ بولماق، ئەتمەك.

طَرِيقٌ سَدٌّ: تۇيۇق يول.

سَدٌّ. سُدٌّ ج سُدُودٌ وَ أَسْدَادٌ: توساق، رىشاتكا، توسما، توغان، توما، چۇشۇرگە، دەريا قېشى.

«وَجَعَلْنَامِنْبَيْنِأَيْدِيهِمْ سَدًّاوَمِنْ خَلْفِهِمْ سَدًّا» «قرآن» : ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر توسۇق، كەينىدە بىر توسۇق قىلدۇق.

«سَدُّ أُسْوَانَ السَّدُّ الْعَالِي» : ئاسۋان توسمىسى، (نىل دەرياسىغا قۇرۇلغان چوڭ توسما).

حَارَةٌ سُدٌّ: خالتا كوچا، تۇيۇق يول.

«قُلْ سِدًّا أَوِ اصْمُتْ» : توغرا سۆزلە ياكى جىم تۇر!

سِدٌّ ج سُدُودٌ: توغرا سۆز، ھەق سۆز.

سُدٌّ ج سُدُودٌ: قارا بۇلۇت.

سَدَدٌ: ھەققانىيلىق، توغرىلىق، راستچىللىق.

سَدَّاجٌ: يالغانچى.

سُدَّةٌ ج سُدَدٌ: ئىشىك، دەرۋازا، مۇنبەر؛ مەيدان؛ ئورۇندۇق؛ سۇپا؛ دەرۋازا ئالدىدىكى مەيدان؛ بوسۇغا؛ تەختە؛ دەرۋازا ئالدىدىكى سايىۋەن.

«جَلَسْنَا تَحْتَ السُّدَّةِ» : سايىۋەن ئاستىدا ئولتۇردۇق.

«جَلَسْنَا فِي السُّدَّةِ» : دەرۋازا ئالدىدا ئولتۇردۇق.

سُدَّةٌ بَابَوِيَّةٌ أو رَسُولِيَّةٌ: باش روھانىيلىق مەنسەپ (رىم پاپىسىنىڭ مەرتىۋىسى).

سَدَّةُ رِئَاسَةِ الْجُمْهُورِيَّةِ: جۇمھۇرىيەتنىڭ زۇڭتۇڭلۇق مەنسىپى.

سَدَّحَ يُسَدِّحُ تَسْدِيْحًا: ئۆلتۈردى.

سَدَّدَ يُسَدِّدُ تَسْدِيْدًا السَّهْمَ وَ نَحْوَهُ إِلَى الشَّيْءِ: قارىغا ئالدى، چەنلىدى، توغرىلىدى، قاراتتى؛ توغرا يولغا باشلىدى، كۆرسىتىپ بەردى.

سَدَّدَ حِسَابًا: ھېسابىنى توغرىلىدى.

سَدَّدَ الدَّيْنَ أَوِ الْقَرْضَ: قەرزنى قايتۇردى، قەرزنى تۆلىدى.

سَدَّدَ الْمَصَارِفَ: چىقىمنى تۆلىدى، راسخوتنى ئۆلىدى.

سَدَّدَ اللّٰهُ خُطَاهُ: ئاللاھ ئۇنى توغرا يولغا باشلىسۇن.

«سَدَّدَ سَهْمَهُ إِلَى عَدُوِّهِ»: دۈشمەننى قارىغا ئالدى.

سَدَّسَ يُسَدِّسُ تَسْدِيْسًا الْعَدَدَ: سانىنى ئالتىگە كۆپەيتتى.

سَدَّسَ الشَّكْلَ: شەكىلنى ئالتە بۇلۇڭلۇق قىلدى.

سَدَّى يُسَدِّي تَسْدِيَةً إِلَيْهِ: قول سۇندى.

سَدَّى إِلَيْهِ النُّصْحَ: ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدى، مەسلىھەت بەردى.

سَدَّى الْعَوْنَ إِلَي: ياردەم بەردى.

سَدَّى شُكْرًا: تەشەككۈر ئېيتتى، رەھمەت ئېيتتى.

سَدَّى الْأَيَادِيَ الْبَيْضَاءَ: ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلدى، ياردەم قىلدى.

سِدِّيْلٌ: بىر خىل سافا.

سَدَرَ يَسْدُرُ وَ يَسْدِرُ سَدْرًا وَ سُدُورًا: ھېچ نەرسىگە قارىماي كەتتى.

سَدِرَ يَسْدَرُ سَدَرًا وَ سَدَارَةً: تەڭلىكتە قالدى، ھەيرەتتە قالدى، ئوڭايسىزلاندى، قاتتىق ئىسسىقتىن قىيىن ئەھۋالدا قالدى. تەڭقىسلىقتا قالدى، ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالدى، بوشاڭلىق قىلدى، بىپەرۋالىق قىلدى.

سَدِرَ فِي غَيِّهِ: ئالاقزادە بولۇپ كەتتى.

سِدْرٌ ج سُدُورٌ: چىلان دەرىخى.

سَدَرٌ: كۆزنىڭ تورلىششى.

سَدِرٌ: قىيىنچىلىقتا قالغۇچى، تېڭىرقاپ قالغۇچى، تەڭلىكتە قالغۇچى.

سِدْرَةٌ ج سِدْرَاتٌ وَ سِدَرٌ: ياۋا چىلان دەرىخى.

سِدْرَةُ الْمُنْتَهَى: سىدرە تۇلمۇنتەھا (جەننەتتىكى ئەڭ ئالى ئورۇن، 7 ـ ئاسماندا ئەرشنىڭ يېنىدىكى بىر دەرەخ).

«وَلَقَدْ رَآهُ نَزْلَةً أُخْرَى عِنْدَسِدْرَةِ الْمُنْتَهَى» ‹قرآن›: ئۇ جىبرىئىلنى ھەقىقەتەن ئىككىنچى قېتىم سىدرە تۇلمۇنتەھا (دەرىخىنىڭ) يېنىدا كۆردى.

سِدْرِيَّةٌ: كافىخانىلاردا قاچا يۇيىدىغان چوڭ قازان ياكى چوڭ داس.

سَدَسَ يَسْدُسُ سَدْسًا الْقَوْمَ: قەۋمنىڭ ئالتىنچىسى بولدى.

سَدَسَةٌ: مىلىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى ئالدى.

سُدْسٌ وَسُدُسٌ ج أَسْدَاسٌ: ئالتىدىن بىر (1/6).

«فَإِنْ كَانَ لَهُ إِخْوَةٌ فَلِأُمِّهِ السُّدُسُ» ‹قرآن›: ئەگەر مېيىتنىڭ (ئاتا ـ ئانىسىدىن باشقا يەنە) قېرىنداشلىرى بولسا، ئانىسىغا مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ.

«أَعْطِنِي سُدْسَ الْمَبْلَغِ وَاحْتَفِظْ بِأَسْدَاسِهِ الْخَمْسَةِ الْبَاقِيَةِ»: ماڭا مەبلەغنىڭ 1/6 نى بەرگىن، قالغان بەش قىسمىنى ساقلاپ قويغىن.

يَضْرِبُ أَخْمَاسًا لِأَسْدَاسٍ: ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىدۇ. قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە ئەنسىزلىك بىلەن پىكىر يۈرگۈزىدۇ.

سَدَقٌ ج أَسْدَاقٌ وَ سُدْفَةٌ: تاڭ شەپىقى، تاڭ نۇرى.

سَدْفَةٌ ج سُدَفٌ: قاراڭغۇلۇق، زۇلمەت.

«اِشْتَدَّتْ سَدْفَةُ اللَّيْلِ»: كېچە بەك قاراڭغۇ بولۇپ كەتتى.

سُدْفَةٌ ج سُدَفٌ: ئىشىك پەردىسى؛ قاراڭغۇ كېچە، تۈن.

سَدَلَ يَسْدُلُ وَ يَسْدِلُ سَدْلًا الشَّعْرَ: چاچنى ساڭگىلىتىپ قويدى، چاچنى قويۇۋەتتى.

سَدَلَ السِّتَارَ: پەردىنى چۈشۈرۈۋەتتى، پەردىنى قويۇۋەتتى.

سَدَلَ الثَّوْبَ: كىيىمنى يىرتتى.

سَدَلَ فِى الْبِلَادِ: شەھەر ئايلاندى.

سُدْلٌ. سِدْلٌ ج سُدُولٌ وَ أَسْدَالٌ: پەردە، مىلەڭزە.

«كَانَ الِسُّدْلُ مُرْخًى فَلَمْ نَسْتَطِعْ أَنْ نَرَى مَا وَرَاءَهُ» : پەردە چۈشۈرۈكلۈك ئىدى، شۇڭلاشقا ئۇچۇن پەردە ئارقىسىدىكى نەرسىنى كۆرەلمىدۇق.

أَرْخَى اللَّيْلُ سُدُولَهُ: (كېچە پەردىلىرىنى چۈشۈردى) زۇلمەت باستى.

سَدَمَ يَسْدَمُ سَدْمًا : (ئىشىكنى) ياپتى، ئەتتى، دەم سالدى، دەم بىلەن تاقىدى.

سَدِمَ يَسْدَمُ سَدْمًا : قايغۇردى، نادامەت چەكتى، پۇشايمان قىلدى، ئۆكۈندى، پەندىيات قىلدى، ئەپسۇسلاندى.

سَدَمٌ: پۇشايمان، ئۆكۈنۈش، ئادامەت، ئەپسۇسلىنىش.

سَدَمٌ. سَدِمٌ. سِدْمٌ ج أَسْدَامٌ: سېسىق سۇ.

سَدَنَ يَسْدِنُ سَدْنًا وَ سَدَانَةً وَ سِدَانَةً: كەئبىنىڭ خىزمىتىنى قىلدى، بۇتلارغا قارىدى (جاھىلىيەتتە).

سَدُوسٌ. سُدُوسٌ: يېشىل چاپان، يېشىل يەكتەك، يېشىل تون.

سَدًى: ئۆرۈش.

سُدًى: بىكار، پايدىسىز، نەتىجىسىز، بىھۇدە.

«أَيَحْسَبُ الْإِنْسَانُ أَنْ يُتْرَكَ سُدًى» «قرآن» : ئىنسان ئۆزىنى بىكار قويۇپ بېرىلىدۇ دەپ ئويلامدۇ.

سَدِيدٌ: مۇۋاپىق، توغرا، ئۇيغۇن، دۇرۇس.

جَوَابٌ سَدِيدٌ: توغرا جاۋاب.

فِعْلٌ سَدِيدٌ: توغرا ئىش.

قَوْلٌ سَدِيدٌ: توغرا سۆز.

سَدِيدُ الرِّمَايَةِ: مەرگەن، پالۋان.

سَدِيرٌ: ئۈچ بۇرجەكلىك بىنا؛ ئۈچ كىچىك گۈمبەزلىك چوڭ گۈمبەز.

سَدِيرُ النَّخْلِ: خورما دەرەخ تۈپى.

سَدِيسٌ ج سُدُسٌ: ئالتىنچى قىسىم؛ ئالتە چىشلىق هايۋان.

سَدِيلٌ ج سُدُلٌ وَ سَدَائِلُ وَ أَسْدَالٌ: پەردە؛ چىپدىر.

سَدِيمٌ ج سُدُمٌ وَ أَسْدَامٌ وَ سِدَامٌ: تۇمان، تۇمانلىق بۇلۇت، تۇتەك.

اَلسَّدِيمُ ج سُدُمٌ: يۇلتۇزلار تۇركۇمى.

سَدِينٌ: سېمىز گۆش؛ قان؛ قوي يۇڭى؛ پەردە.

سَذَابٌ: سۇزاپ.

سَذَاجَةٌ: ئاددى، نوقۇل، تۈز، ساددا، ئادەتتىكىدەك.

«عِرِقَ بِسَذَاجَتِهِ» : ئۇ گوللىقى بىلەن مەشهۇر.

سَرَا يَسْرُو سَرْوًا وَ سِرَاءً وَ سَرَاوَةً: ئۇلۇغ بولدى، شەرەپ قازاندى.

سَرَابٌ: ئېزىتقۇ؛ سەرراپ؛ تومۇز.

«أَعْمَالُهُمْ كَسَرَابٍ بِقِيعَةٍ يَحْسَبُهُ الظَّمْآنُ مَاءً» «قرآن» : كۇففارلارنىڭ ئەمەللىرى باياۋاندىكى سەراپقا ئوخشايدۇ، تەشنا ئادەم ئۇنى سۇ دەپ گۇمان قىلىدۇ.

سَرَاةٌ ج سَرَوَاتٌ: بەل، دۈمبە؛ چوش ۋاقتى، ئەڭ يۇقىرى پەللە.

سَرَوَاتُ الْقَوْمِ : قەۋمنىڭ باشچىلىرى، قەۋمنىڭ كاتتىباشلىرى، قەۋم سەردارلىرى، قەۋم رەھبەرلىرى، يۇرت چوڭلىرى.

سِرَاجٌ ج سُرُجٌ: چىراغ، پانۇس، قارا چىراغ، جىن چىراغ.

«وَجَعَلَ الْقَمَرَ فِيهِنَّ نُورًا وَجَعَلَ الشَّمْسَ سِرَاجًا» «قرآن» : ئاينى ئۇلاردا (يەنى دۇنيانىڭ ئاسمىنىدا) نۇر قىلدى، كۈننى (نۇر چاچقۇچى) چىراغ قىلدى.

سِرَاجُ اللَّيْلِ : يالتىراق قوڭغۇز، پارقىراق قوڭغۇز.

سِرَاجَةٌ: چىراغچىلىق كەسپى، چىراغ ياسىغۇچى؛ چىراغ ساتقۇچى.

سَرَاحٌ: قويۇۋېتمەك، تارقىتىۋەتمەك، ئاجرىشىپ

كەتمەك.

أَطْلَقَ سَرَاحَهُ: ئۇنى قويىۋەتتى، بوشاتتى.

مُطْلَقُ السَّرَاحِ: ئەركىن قويۇۋېتىلگەن، چەكلەنمىگەن ئۈچرىمايدىغان.

سِرَادٌ: بېگىز: جۇۋالدۇز.

سُرَادِقٌ ج سُرَادِقَاتٌ: چېدىر، پەردە، تۇتۇن.

«إِنَّا أَعْتَدْنَا لِلظَّالِمِينَ نَارًا أَحَاطَ بِهِمْ سُرَادِقُهَا» «قرآن»: بىز ھەقىقەتەن كۇففارلار ئۈچۈن تۇتۇن پەردىلىرى ئۇلارنى ئورىۋالىدىغان ئوتنى تەييارلىدۇق.

سِرَاطٌ: داغدام يول.

سُرَاطٌ: ئۆتكۈر، ئۆتكۈر، ئۆتكۈر، ئۆتكۈر، (ئەتتىك) بىسلىق نەرسىنىڭ).

سُرَاطِيٌّ: ئۆتكۈر (نەيزە)؛ تېز (ئات).

سَرَاوِيلُ ج سَرَاوِيلَاتٌ: ئىشتان، شىم.

سَرَأَ يَسْرَأُ سَرْأً السَّمَكَةُ أَوِ الْجَرَادَةُ: بېلىق ياكى چېكەتكە تۇخۇملىدى، تۇخۇم چىقاردى.

سَرَأَتِ الْمَرْأَةُ: ئايالنىڭ بالىلىرى كۆپەيدى، بالىلىرى كۆپ بولدى.

سِرْءٌ. سَرْءٌ. سِرْأَةٌ: لىچىنكا، چېكەتكە تۇخۇمى، بېلىق تۇخۇمى.

سَرِبَ يَسْرَبُ سَرَبًا الْمَاءُ وَ نَحْوُهُ: سۇ تەپچىرىدى، ئاقتى، سىزىپ چىقتى، ئېقىپ كەتتى.

سَرِبَ دَمْعُهُ: يېشى ئاقتى.

سَرَبَ يَسْرُبُ سُرُوبًا الْمَاءُ وَ نَحْوُهُ: ئاقتى، چىقىپ كەتتى.

سَرَبَ الدَّابَّةُ: چارۋا ئوتلىدى، چارۋا يايلىدى، چارۋا ئوتلاقتا ماڭدى، چارۋا ئوتلاشقا كەتتى.

سَرَبَ الْإِبِلَ: تۆگىلەرنى توپ – توپ چىقاردى.

سَرَبَ فِي الْأَرْضِ: ئۇدۇل كەلگەن ياققا كەتتى.

سَرَبَتِ الْأَفْعَى مِنْ مَخْبَئِهَا: زەھەرلىك يىلان ئۇۋىسىدىن چىقتى.

سَرَبٌ ج أَسْرَابٌ: تونىل، لەخمە، يەر ئاستى يول، يەر ئاستى ئۆي؛ ئاققان سۇ.

«فَاتَّخَذَ سَبِيلَهُ فِي الْبَحْرِ سَرَبًا» «قرآن»: بېلىق دەرياغا يول ئېلىپ كىرىپ كەتتى.

سِرْبٌ ج أَسْرَابٌ: بىر توپ (قۇش ياكى ھايۋانلارنىڭ بىر توپى)؛ كۆپ، نۇرغۇن، بىرلەشمەك، قىلۇت.

سِرْبُ طُيُورٍ: بىر توپ قۇش.

سِرْبٌ مِنَ الطَّائِرَاتِ: ئۇچقۇچىلار كىچىك ئەترىتى.

قَائِدُ سِرْبٍ: ھاۋا ئارمىيە قوماندانى.

سِرْبٌ مِنَ النِّسَاءِ: ئاياللار توپى، ئاياللار جامائەسى.

فِي غَيْرِ سِرْبِهِ: مۇساپىر، يات قەۋم ئىچىدە.

آمِنٌ فِي سِرْبِهِ: ئائىلە ۋە مال – مۈلكىدىن خاتىرجەم بولغۇچى.

سَرِبٌ: ئاققۇچى.

مَاءٌ سَرِبٌ: ئېقىن سۇ.

سُرْبَةٌ ج سُرَبٌ وَ سُرَبٌ: بىر توپ (قۇش ياكى ھايۋانلارنىڭ بىر توپى)؛ مەيدىكى موي؛ يول.

سِرْبَاخٌ: چوڭ قۇملۇق، چۆل جەزىرە، باياۋان.

سِرْبَالٌ ج سَرَابِيلُ: كىيىم – كېچەك، كۆڭلەك، جىلىتكە، مايكا.

«وَجَعَلَ لَكُمْ سَرَابِيلَ تَقِيكُمُ الْحَرَّ وَسَرَابِيلَ تَقِيكُمْ بَأْسَكُمْ» «قرآن»: سىلەرگە ئىسسىقتىن (ۋە سوغۇقتىن) ساقلىنىدىغان كىيىملەرنى، ئۇرۇشتا سىلەرنى (زىيان – زەخمەتتىن) ساقلايدىغان تۆمۈر كىيىملەرنى تەييار قىلدى.

«لَا أَخْلَعُ سِرْبَالًا سَرْبَلَنِيهِ اللّٰهُ» «من قول عثمان»: ئاللاھ ماڭا كىيگۈزگەن كىيىمنى ھەرگىز سالمايمەن.

سَرْبَلَ يُسَرْبِلُ سَرْبَلَةً السِّرْبَالَ: كىيدۈردى، كىيىم كىيدۈردى.

سَرَجَ يَسْرُجُ سَرْجًا الرَّجُلُ الْخَبَرَ: يالغان ئېيتتى، توقۇپ چىقاردى.

سَرَجَتِ الْمَرْأَةُ: ئايال چېچىنى تارىدى، ئايال چېچىنى ئۆرۈپ تارىدى.

سَرِجَ يَسْرَجُ سَرَجًا الرَّجُلُ: يۈزى چىرايلىق بولدى.

سَرْجٌ ج سُرُوجٌ: ئېگەر.

سِرْجِينٌ: قىغ، تېزەك، ماياق، گەندە – سۈيدۈك.

سَرَحَ يَسْرَحُ سَرْحًا وَ سُرُوحًا: ئەتىگەن چىقتى.

«وَلَكُمْ فِيهَا جَمَالٌ حِينَ تُرِيحُونَ وَحِينَ تَسْرَحُونَ» «قرآن»: ئۇلارنى كەچتە ئوتلاقتىن قايتۇرۇپ كەلگەن ۋە ئەتىگەندە ئوتلاققا ئېلىپ چىققان ۋاقىتلىرىڭلاردا، چارۋا ماللار سىلەرگە زىننەت بولۇپ (خۇشاللىق بېغىشلايدۇ).

سَرَحَتِ الْمَوَاشِي: چارۋا ئوتلىدى.

سَرَحَ فِي أَعْرَاضِ النَّاسِ: كىشىلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلدى.

سَرَحَ بِالْبَصَرِ: يىراقلا قارىدى، يالت قىلىپ قارىدى.

«سَرَحَ الْعُمَّالُ إِلَى أَعْمَالِهِمْ»: ئىشچىلار ئىشقا ئەتىگەن چىقتى.

يَسْرَحُ وَ يَمْرَحُ: ياپرايدۇ، تۇساالغۇسىز، خالىغىنىنى قىلىدۇ.

سَرِحَ يَسْرَحُ سَرْحًا الرَّجُلُ: ئىشقا ئاسانلا چىقتى.

سَرْحٌ. سَرْحَةٌ ج سُرُوحٌ: ئات - ئۇلاق، ئۆي هايۋانلىرى، ئوتلاققا قويۇۋېتىلگەن پادا.

سِرْحَانٌ ج سَرَاحِينُ: بۆرە؛ شىر؛ كۆلنىڭ ئوتتۇرىسى.

سَرْخَسْ: قىرىق قۇلاق.

سَرَدَ يَسْرُدُو سَرْدًا وَ سِرَادًا الشَّيْءَ: نەرسىنى تەشتى، نەرسىگە كۆز ئاچتى، قوللىدى، قوشۇلدى؛ داۋاملاشتۇردى.

سَرَدَ الشَّوَاهِدَ: نەقىل كەلتۈردى، مىسال كەلتۈردى، دەلىل كەلتۈردى.

سَرَدَ الْقِصَّةَ أَوْ نَحْوَ هَا: رىۋايەت قىلدى، ھېكايە قىلدى.

سَرَدَ تَفَاصِيلَ الْمَوْضُوعِ: تەپسىلىي سۆزلىدى، تەپسىلىي چۈشەندۈردى.

سَرَدَ الْحَدِيثَ: تەرتىپلىك سۆزلىدى.

سَرَدَ الدِّرْعَ: ساۋۇتنى سوقتى، ياسىدى.

سَرَدَ الصَّوْمَ: ئۈزۈلدۈرمەي روزا تۇتتى.

سَرَدَ الْقُرْآنَ: قۇرئاننى تېز ئوقۇدى.

سَرْدٌ: نەقىل كەلتۈرمەك، سىناتا ئالماق، بايان قىلماق؛ تۆمۈر چاپان ھالقىلىرى.

«أَنِ اعْمَلْ سَابِغَاتٍ وَقَدِّرْ فِي السَّرْدِ» «قرآن»: (بىز ئۇنىڭغا ئېيتتۇق) «مۇكەممەل ساۋۇتلارنى ياسىغىن، ساۋۇتلارنى ياساشتا (ھالقىلىرىنى بىر - بىرىگە) تەكشى قىلغىن.»

سَرْدٌ مَسَابِعٌ بِانْتِظَامٍ: ئۈزلۈكسىز نەقىل كەلتۈرۈش.

سِرْدَابٌ ج سَرَادِيبُ: تونېل؛ يەر ئاستى ئۆي، لەخمە.

سِرْدَاحٌ ج سَرَادِيحُ: قاۋۇل چىشى تۆگە؛ ئەرەب كاۋچۇك دەرەخزارلىقى.

سَرْدَقَ يُسَرْدِقُ سَرْدَقَةً الْمَكَانَ: مەلۇم جايغا چېدىر تىكتى.

سَرْدِيْنٌ: سەردىن بېلىقى.

سَرَّ يَسُرُّ سُرُورًا: خۇش قىلدى، خۇشاللاندۇردى، شادلاندۇردى.

«قَالَ إِنَّهُ يَقُولُ إِنَّهَا بَقَرَةٌ صَفْرَاءُ فَاقِعٌ لَوْنُهَا تَسُرُّ النَّاظِرِيْنَ» «قرآن»: مۇسا ئېيتتىكى، «ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ رەڭگى قارىغۇچىلارنى زوقلاندۇرىدىغان سايسېرىق كالا بولسۇن دېدى».

«سَرَّنِي نَجَاحُكَ»: سېنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىڭ مېنى خۇشال قىلدى.

سَرَّ يَسُرُّ سَرًّا الشَّيْءَ: يوشۇردى.

«سَرَرْتُ سِرَّكَ فَلَمْ أَبُحْ بِهِ لِأَحَدٍ»: سېنىڭ سىرىڭنى يوشۇردۇم، ئۇنى ھېچ ئادەمگە دېمىدىم.

سِرٌّ. سُرٌّ ج أَسْرَارٌ وَ أَسَارِيرُ: سىر، مەخپىيەت، يوشۇرۇن نەرسە؛ پېشانە ۋە قولنىڭ سىزىقلىرى.

«أَلَمْ يَعْلَمُوا أَنَّ اللّٰهَ يَعْلَمُ سِرَّهُمْ وَ نَجْوَاهُمْ» «قرآن»: ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى، (ئۆز ئارا قىلىشقان) يوشۇرۇن سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇلار ئۇقمامدۇ؟

قَرَأَ فِي سِرِّهِ: ئىچىدە ئوقۇدى، يوشۇرۇن ئوقۇدى.

سِرٌّ غَامِضٌ أَوْ خَفِيٌّ: يوشۇرۇن سىر.

أَمِيْنُ السِّرِّ: باش كاتىپ.

كَاتِمُ السِّرِّ: كاتىپ، سېكرېتار.

كَلِمَةُ السِّرِّ: پارول، مەخپىي بەلگە.

سِرُّ اللَّيْلِ: پارول، مەخپىي بەلگە.

سِرُّ التُّجَّارِ: سودىگەرلەر ئۆيۈشمىسىنىڭ باشلىقى.

هُوَ سِرُّ هَذَا الْأَمْرِ: بۇ ئىشنى ئوبدان بىلگۈچى، بۇ ئىشتىن تولۇق خەۋەردار.

هُوَ فِي سِرِّ قَوْمِهِ: قەۋمىنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىك كىشىلىرىدىن.

سُرٌّ ج أَسِرَّةٌ: كىندىك بېغى.

سِرًّا: يوشۇرۇن، مەخپىي، ئاستىرتتىن، يەكئىچىدە، سەزدۈرمەي، بىلدۈرمەي.

سَرَرٌ: كىندىك ئاغرىقى؛ ئايىنىڭ ئاخىرقى كېچىسى؛ تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ كىندىكىگە چاپلىشىقلىق نەرسە بولۇپ، كېسىپ تاشلىنىدۇ.

سَرَّاءُ: بەخت، باياشاتلىق، راھەت، ھالاۋەت، ئامەت، تەلەي، خۇشاللىق.

فِي السَّرَّاءِ وَالضَّرَّاءِ: راھەتتە، قىيىنچىلىقتا، خۇشاللىق ۋە خاپىلىقتا.

«اَلَّذِينَ يُنْفِقُونَ فِي السَّرَّاءِ وَالضَّرَّاءِ» «قرآن» :
تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىيىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىدىغانلار.

سُرَّاءٌ: تۇخۇمىدىن چىقىرىلغان، تۇخۇم ئارقىلىق كۆپەيگەن.

سَرَّاجٌ ج سَرَّاجُونَ: ئىگەر ياسىغۇچى، ئىگەر جابدۇق، يالغانچى.

سَرَّاقٌ: ئوغرى، يانچۇقچى.

سَرَأَ يَسْرَأُ تَسْرِيئًا الْجَرَادَةُ وَالسَّمَكَةُ: چېكەتكە ۋە بېلىق تۇخۇم تۇغدى، تۇخۇملىدى.

«ثُمَّ أَنْزَلَ اللّٰهُ سَكِيْنَتَهُ عَلَى رَسُوْلِهِ وَ عَلَى الْمُؤْمِنِيْنَ» «قۇرئان» : ئاندىن ئاللاھ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە (مەرھەمەت قىلىپ) خاتىرجەملىك بېغىشلىدى.

سَكِينَةٌ و هُدُوءٌ: تىپتىنچ ۋە جىمجىتلىق.

«هُوَالَّذِى أَنْزَلَ السَّكِينَةَ فِي قُلُوبِ الْمُؤْمِنِينَ لِيَزْدَادَ إِيْمَانًا مَعَ إِيْمَانِهِمْ» «قۇرئان» : مۆمىنلەرنىڭ ئىمانىغا ئىمان قوشۇلۇشى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىغا تەمكىنلىكنى چۈشۈردى.

سَكِينَةٌ: مادا ئېشەك؛ شوخ ئايال؛ چاققان.

سَلاَ يَسْلُو سَلْوًا و سُلُوًّا و سُلْوَانًا الشَّيْءَ: ئۇنتۇپ كەتتى، ئېسىدىن چىقىپ كەتتى، يادىدىن كۆتۈرۈلدى.

سَلاَ عَنْهُ: سوۋۇپ كەتتى، كۆڭلى قالدى.

«لاَ يَسْتَطِيعُ أَنْ يَسْلُوَ عَنْهُ» : ئۇنىڭدىن سوۋۇشقا قادىر بولالمايدۇ.

سِلاَءٌ ج أَسْلِئَةٌ: پىششىقلاپ ئىشلەنگەن سېرىق ماي.

سِلاَبٌ ج سُلُبٌ: هازا كىيىمى، ماتەم كىيىمى.

سِلاَحٌ ج أَسْلِحَةٌ و سُلُحٌ و سُلْحَانٌ: قورال - ياراغ، ئۇرۇش قورالى.

«اِنْتَزَعَ حَقَّهُ بِقُوَّةِ السِّلاَحِ» : ئۇ ئۆز هوقۇقىنى قورال كۈچى ئارقىلىق تارتىۋالدى.

سِلاَحُ الدِّفَاعِ: دوبۇلغا، قالقان.

سِلاَحُ الْمِحْرَاثِ: ساپاننىڭ چىشى، بوقۇسا چىشى.

سِلاَحُ الْمِطْوَى: ئۇستۇرا، قەلەمتۇراچ، بەكە.

سِلاَحٌ مِنَ الْجَيْشِ: ئارمىيە تۈرى، قىسىم تۈرى.

سِلاَحُ الطَّيْرَانِ: هاۋا ئارمىيىسى.

سِلاَحُ الْفُرْسَانِ: ئاتلىق قوشۇن، ئاتلىق قىسىم.

سِلاَحُ الْمُشَاةِ: پىيادە قىسىم.

سِلاَحُ الْجَوِّ: هاۋا ئارمىيىسى.

سِلاَحُ الْمُدَرَّعَاتِ: بىرونېۋىكچى ئەسكەر.

سِلاَحُ الْأَنْدَسَةِ: ئىشچى ئەسكەر، ساپيور.

سِلاَحُ السِّكَّةِ الْحَدِيدِيَّةِ: تۆمۈر يول ئەسكىرى.

سِلاَحُ الْإِشَارَةِ: خەۋەرچى ئەسكەر.

تَحْتَ السِّلاَحِ: خىزمەت ئۆتەۋاتقان هەربىي.

تَخْفِيضُ السِّلاَحِ: هەربىي تەييارلىقنى قىسقارتىش.

سَلَّمَ سِلاَحَهُ: قورال تاپشۇردى، تەسلىم بولدى.

نَزْعُ السِّلاَحِ: هەربىي هازىرلىقلارنى قىسقارتىش.

اَلسِّلاَحُ الْمُضَادُّ لِلْكِيمَاوِيَّاتِ: خىمىيىلىك قورال-لاردىن مۇداپىئەلەنگۈچى قورال-لار.

سِلاَحٌ ذُوحَدَّيْنِ: ئىككى بىسلىق قورال، پايدىسىمۇ بار، زىيىنىمۇ بار.

أَسْلِحَةٌ نَارِيَّةٌ: ئوت ئاچقۇچى قورال-لار (مىلتىق، زەمبىرەك)؛ كۆيدۈرگۈچى قورال-لار.

اَلْأَسْلِحَةُ الذَّرِّيَّةُ: ئاتوم قورال-لىرى.

اَلْأَسْلِحَةُ الْجُرْثُومِيَّةُ: باكتېرىيىلىك قورال-لار.

اَلْأَسْلِحَةُ الْكِيمِيَاوِيَّةُ: خىمىيىۋى قورال-لار.

اَلْأَسْلِحَةُ الْأُوتُومَاتِيكِيَّةُ: ئاپتوماتىك قورال-لار.

سِلاَحِيٌّ: قورال - ياراق سودىگىرى.

سَلاَخَةٌ: تەمسىز، لەززەتسىز.

سَلاَسَةٌ: مۇلايىملىق، يۇمشاقلىق، ئىتائەتچانلىق؛ ئوڭاي كۆنىدىغان.

سَلاَسَةُ الْكَلاَمِ: سۆزنىڭ راۋانلىقى.

سُلاَسِلُ: شېرىن سۇ، شارقىراتما.

سَلاَطَةٌ: يۈزى قېلىنلىق، نومۇسسىزلىق، ئۇياتسىزلىق، داپىۋازلۇق.

سُلاَطِحٌ: تېيىز، چوڭقۇر ئەمەس، دۈڭ.

سُلاَفٌ. سُلاَفَةٌ ج سُلاَفَاتٌ: ئەڭ ياخشى مەي، تەملىك شاراب، ئالىي سورتلۇق هاراق.

سُلاَفُ الْعَسْكَرِ: ئاۋانگارت قىسىم.

سِلاَفٌ: سىلاۋىيان.

سِلاَفِيٌّ: سىلاۋىيانلىق.

سَلاَقَةُ اللِّسَانِ: ئاغزىنى يامان قىلماق، ئاغزىنى بۇزماق.

سَلاَقُونَ: سۇرۇخ، قوغۇشۇن ئوكسىد.

سَلاَقِيٌّ: ئوۋ ئىتى، تايغان.

سُلاَلٌ: ئۆپكە كېسىلى.

سُلاَلَةٌ ج سُلاَلاَتٌ: مەنى؛ نەسىل، ئەۋلاد، ئۇرۇق - جەمەت، نەسەپ؛ ئىرق؛ نەسەبنامە، شەجەرە؛ ئائىلە، خانىدان، ئۇرۇق - ئەۋلاد، قانداشلىق، ئۇرۇقداشلىق؛ ساپ سۇلالە.

«ثُمَّ جَعَلَ نَسْلَهُ مِنْ سُلاَلَةٍ مِنْ مَاءٍ مَهِينٍ»

‹قرآن› : ئاندىن ئۇنىڭ نەسلىنى ئەرزىمەس سۇنىڭ جەۋھىرى (يەنى مەنىدىن) ياراتتۇق.

«هَذَا الْحِصَانُ مِنْ سُلاَلَةٍ عَرِيقَةٍ» : بۇ ئاتنىڭ نەسلى ئېسىل.

«وَلَقَدْ خَلَقْنَاالْإِنْسَانَ مِنْ سُلاَ لَةٍ مِنْ طِيْنٍ»

‹قۇرئان› : بىز ئىنساننى ھەقىقەتەن لايىنىڭ جەۋھىرىدىن ياراتتۇق.

سُلاَلَةٌ مَلَكِيَّةٌ: سۇلالە، خاندانلىق.

عِلْمُ السُّلاَلاَتِ الْبَشَرِيَّةِ: ئىرقشۇناسلىق.

سُلاَلاَتٌ جَيِّدَةٌ: نەسىللىك مال.

سُلاَلِيٌّ: ئىرقى، ئائىلىۋى، ئىرقشۇناسلىققا ئائىت.

سَلاَمٌ: ئېھتىرام، ھۆرمەت؛ سالام يوللىماق؛ تىنچلىق، ئامانلىق، سالامەتلىك، بىخەتەرلىك؛ سالام بەرمەك؛ تىنچ ـ ئامانلىق سورىماق.

«اِنْتَهَتِ الْحَرْبُ وَسَادَ السَّلاَمُ» : ئۇرۇش ئاياغلاشتى، تىنچلىق ئۈستۈنلۈك قازاندى.

دَارُ السَّلاَمِ: جەننەت؛ باغداد شەھىرى؛ شەرقىي ئافرىقىدىكى بىر شەھەرنىڭ نامى.

مَدِيْنَةُ السَّلاَمِ: باغداد شەھىرى.

نَهْرُ السَّلاَمِ: دىجلە دەرياسى.

اَلسَّلاَمُ عَلَيْكُمْ: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم (سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن).

وَعَلَيْكُمْ اَلسَّلاَمُ: ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام (سىلەرگىمۇ ئامانلىق بولسۇن).

سَلاَمٌ عَسْكَرِيٌّ: ھەربىيچە سالام.

اَلسَّلاَمُ الْوَطَنِيُّ: دۆلەت شېئىرى.

عَلَى كَذَا السَّلاَمُ: ئىش تۈگىدى، تۈگەتتى، قۇتقۇزۇۋالغىلى بولمايدۇ، قۇتقۇزۇش ئىمكانىيىتى يوق.

بَلِّغْ سَلاَمِي إِلَى فُلاَنٍ: پالانىغا سالامىمنى يەتكۈزۈپ قوي.

بِالسَّلاَمِ: تىنچلىق بىلەن، خاتىرجەملىك بىلەن.

أَنْصَارُ السَّلاَمِ: تىنچلىق تەرەپدارلىرى، تىنچلىق سۆيەر كىشىلەر.

وَ السَّلاَمُ: سۆز تۈگىدى، گەپ ئاياغلاشتى (كۆپ ھاللاردا خەت ـ چەكنىڭ ئاخىرىدا قوللىنىلىدۇ).

اَلسَّلاَمُ: ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بىرى بولۇپ «مۆمىنلەرگە سالامەتلىك ۋە تىنچلىق بېغىشلىغۇچى ئاللاھ» دېگەن مەنىدە.

سَلاَمَةٌ : بېجىرىم، ئەيىبسىز، سالامەت، ساق، نۇقسانسىز.

عَلَى السَّلاَمَةِ: تىنچ ـ ئامان.

سَلاَمَةُ الْعَقْلِ: ئەقىللىق، ئەقلى ساغلام، ئەقلى جەھەتتىن ساغلام.

سَلاَمَةُ الْقَلْبِ: سەمىمىيلىك، راستچىللىق.

سَلاَمَةُ النِّيَّةِ: ئەستايىدىل، ئاقكۆڭۈل، سەمىمىي، سەمىمىيەت، ياخشى نىيەت، ساداقەتلىك، ۋىجدانلىق، راستچىللىق.

مَعَ السَّلاَمَةِ: ئاق يول تىلەيمەن، يول بولسۇن، خەير ـ خوش، ئامان بولۇڭ.

«اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ عَلَى السَّلاَمَةِ» : سەپەردىن قايتقان، بالا ـ قازا ياكى كېسەللەردىن ساق قالغان كىشىگە ئېيتىلىدىغان سۆز.

سَلاَمَتَكَ: ساقىيىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، ئاللاھ شىپالىق بەرگەي.

«قَوَانِينُ الطُّرَقِ وُضِعَتْ مِنْ أَجْلِ سَلاَمَتِكَ» : يول يۈرۈش بەلگىلىمىلىرى سىزنىڭ بىخەتەرلىكىڭىز ئۈچۈن تۈزۈلگەن.

سُلاَمَى ج سُلاَمَيَاتٌ: قول ۋە پۇتنىڭ بارماق سۆڭىكى.

سَلأَ يَسْلأُ سَلأً السَّمْنَ: ماينى پىششىقلاپ ئېشلىدى، سېرىق ماي قىلىپ ئېشلەپچىقاردى.

سَلأَ الْجِذْعَ : دەرەخنىڭ غولىنى پۇتىدى، تىكىنىنى ئالدى.

سَلأَ السِّمْسِمَ: كۈنجۈتتىن ماي چىقاردى.

سَلَبَ يَسْلُبُ سَلْبًا الشَّيْءَ: بۇلىدى، تارتىۋالدى، ئېلىۋالدى، تالان ـ تاراج قىلدى، بۇلاڭچىلىق قىلدى.

«وَإِنْ يَسْلُبْهُمُ الذُّبَابُ شَيْئًا لاَيَسْتَنْقِذُوهُ مِنْهُ»

‹قۇرئان› : چىۋىن ئۇلارنىڭ بەدىنىدىن بىر نەرسىنى ئېلىپ قاچسا، ئۇنى چىۋىندىن تارتىپ ئالالمايدۇ.

«سَلَبَ اللُّصُوصُ أَمْوَالَهُ» : ئوغرىلار ئۇنىڭ ماللىرىنى بۇلىۋالدى.

سَلَبَ الْعَقْلَ: ئەقلىنى يوقاتتى.

سَلَبَتِ الْمَرْأَةُ فُؤَادَهُ أَوْعَقْلَهُ: ئايال ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئەسىر قىلىۋالدى.

سَلَبَ الشَّخْصَ: بۇلىۋالدى.

سَلِبَ يَسْلَبُ سَلَبًا: ماتەم كىيىمىنى كىيدى، هازا كىيىمى كىيدى.

سَلْبٌ: بۇلىماق، تالىماق، تارتىپ ئالماق.

أَجَابَ بِالسَّلْبِ: ئىنكار قىلدى، يوققا چىقاردى.

سَلْبًا وَ إِيْجَابًا: ھەرقانداق ئەھۋالدا.

سَلَبٌ ج أَسْلَابٌ: ئولجا، غەنىيمەت، ئۆلتۈرۈلگەن دۈشمەندىن ئولجا ئالغان نەرسىلەر.

سَلَبَةٌ: ئارغامچا، ئارقان.

سَلَبُوتٌ: قاراقچى، بۇلاڭچى، باندىت، باسمىچى، ئوغرى.

سَلْبِيٌّ: سەلبى، پاسسىپ، ئىنكار قىلىنغان، يوققا چىقىرىلغان.

مَوْقِفٌ سَلْبِيٌّ: سەلبى ئورون، سەلبى مەيدان.

«كَانَ جَوَابُهُ سَلْبِيًّا»: ئۇ پاسسىپ جاۋاب بەردى.

سَلَتَ يَسْلُتُ وَ يَسْلِتُ سَلْتًا ـ هُ: تارتىپ چىقاردى، سۆرەپ چىقتى، سۆرىدى، تارتتى، سۇغاردى.

سَلَتَ أَمْعَاءَ الشَّاةِ: قوينىڭ ئۈچەيىنى تارتىپ چىقاردى.

سِلْتِمٌ: ئاپەت؛ قەھەتچىلىك يىلى؛ چىشى تۆگە؛ بەختسىزلىك.

سَلِجَ يَسْلَجُ سَلْجًا اللُّقْمَةَ: لوقمىنى يۇتتى.

سِلْجَانٌ: قىزىل ئۆڭگەچ، كېكىردەك.

سُلَجَةٌ ج سُلَجٌ: قۇلۇلە قېپى، سەدەپ قېپى.

سَلْجَمٌ ج سَلَاجِمُ: قىچا.

زَيْتُ السَّلْجَمِ: قىچا مېيى.

سَلْجُوقِيٌّ ج سَلَاجِقَةٌ: سالجۇقىيلار.

سَلَحَ يَسْلَحُ سَلْحًا الطَّائِرُ: قۇش مايىلىدى.

سَلْحٌ ج سُلُوحٌ وَسُلْحَانٌ: مايىق.

سَلْحُ الطُّيُورِ: قۇشلارنىڭ مايىقى.

سُلَحْفَاءُ: تاشپاقا.

سُلَحْفَائِيٌّ: تاشپاقىدەك، تاشپاقىچىلاپ.

سُلَحْفَائِيَّةٌ: سۆرەلمە؛ قاشاڭ؛ دۆت؛ ئاستا، سۇس.

سُرْعَةٌ سُلَحْفَائِيَّةٌ: تاشپاقىنىڭ سۈرئىتى.

سُلَحْفَاةٌ ج سَلَاحِفُ: تاشپاقا.

سُلَحْفَاةُ الْبَحْرِ: دېڭىز تاشپاقىسى.

سُلَحْفِيَ: تاشپاقا.

سَلَخَ يَسْلُخُ وَ يَسْلَخُ سَلْخًا الْجِلْدَ: تېرىسىنى سويدى، تېرىسىنى ئاجراتتى.

«وَآيَةٌ لَهُمُ اللَّيْلُ نَسْلَخُ مِنْهُ النَّهَارَ فَإِذَا هُمْ مُظْلِمُونَ» (قرآن): ئۇلارغا بىر ئالامەت كېچىدىن ئىبارەتكى، ئۇنىڭدىن كۈندۈزنى ئايرىۋېتىمىز دە، ئۇلار ناگاھان قاراڭغۇدا قالىدۇ.

سَلَخَ ثِيَابَهُ: چاپىنىنى سالدى.

سَلَخَ الثُّعْبَانُ: يىلان قاسراق تاشلىدى.

سَلَخَ الشَّهْرُ: ئاي ئۆتۈپ كەتتى.

سَلَخَ اللّٰهُ لِلَّيْلِ مِنَ النَّهَارِ أَوِ النَّهَارَ مِنَ اللَّيْلِ: ئاللاھ كېچىنى كۈندۈزدىن ئايرىۋەتتى.

سَلَخَ فُلَانًا: ئۇنىڭغا ئازار بەردى.

سَلْخٌ: سويۇلغان تېرە (تېرىنى) سويماق؛ ئاينىڭ ئاخىرى.

سَلْخُ الْحَيَّةِ: يىلاننىڭ قاسراق تاشلىشى.

سَلْخَةٌ: قوزا، پاقلان.

سَلِسَ يَسْلَسُ سَلَسًا وَ سَلَاسَةً وَ سُلُوسًا: يۇمشاق بولدى، مۇلايىم بولدى، ياۋاش بولدى، سىلىق بولدى، كۆندى، ئادەتلەندى، بويسۇندى، ئىتائەت قىلدى.

سَلِسَ قِيَادُهُ: باشقۇرۇش ئاسان بولدى.

سَلِسَ أُسْلُوبُهُ: ئۇنىڭ ئۇسلۇبى راۋان بولدى.

سَلِسٌ: ئىتائەتچان، ئاسان كۆنىدىغان، بويسۇنىدىغان، ياۋاش، سىلىق.

«تَسِيرُ السَّيَّارَةُ سَيْرًا سَلِسًا»: ماشىنا سىلىق ماڭماقتا.

كَلَامٌ سَلِسٌ: راۋان سۆز.

سَلِسُ الْأُسْلُوبِ: راۋان ئۇسلۇب.

«لَقَدْ كَتَبْتُ هَذِهِ الْمَقَالَةَ بِأُسْلُوبٍ سَلِسٍ» : بۇ ماقالىنى راۋان يازدىم.

سَلِسُ الْقِيَادِ: يېتەكلەش ئوڭاي.

سَلَسٌ: سۈيدۈك تېمىش، سۈيدۈك تۇتالماسلىق كېسەلى.

سَلْسَالٌ: شېرىن سۇ، شارقىراتما.

سَلْسَبِيلٌ ج سَلَاسِبُ و سَلَاسِبُ م سَلْسَبِيلَةٌ ج

سَلْسَبِيلَاتٌ: پاكىز، شېرىن، سۈزۈك ئېقىن سۇ (جەننەتتىكى بىر بۇلاقنىڭ ئىسمى).

شَرَابٌ سَلْسَبِيلٌ: ئاتلىق شاراب، ئابىھايات.

«عَيْنًا فِيهَا تُسَمَّى سَلْسَبِيلًا» ‹قرآن› : جەننەتتە سەلسەبىل دەپ ئاتىلىدىغان بىر بۇلاقمۇ بار.

سَلْسَلَ يُسَلْسِلُ سَلْسَلَةً الْأَشْيَاءَ: بىر - بىرىگە ئۇلىدى، بىر - بىرىگە باغلىدى، بىر - بىرىنى تۇتاشتۇردى.

سَلْسَلَ النَّسَبَ إِلَى: نەسەبىنى ... غا باغلىدى.

سَلْسَلٌ: شېرىن سۇ؛ شارقىراتما.

سِلْسِلَةٌ ج سَلَاسِلُ: زەنجىر، بۇلۇتلاردىكى زەنجىرسىمان چاقماق، بۇلۇتلارنىڭ زەنجىرسىمان يالتىرىشى.

سِلْسِلَةُ النَّسَبِ: نەسەبنامە، شەجەرە، نەسەب.

سِلْسِلَةٌ مِنَ التَّفَاعُلِ: زەنجىرسىمان رېئاكسىيە.

سِلْسِلَةُ الْجِبَالِ: تاغ تىزمىسى.

سِلْسِلَةٌ مِنَ الْكُتُبِ الْعِلْمِيَّةِ: بىر يۈرۈش ئىلمىي كىتابلار.

سِلْسِلَةُ أَكَاذِيبَ: بىر قاتار سەپسەتىلەر.

سِلْسِلَةُ الظَّهْرِ: ئومۇرتقا.

اَلسِّلْسِلَةُ الْفَقْرِيَّةُ: ئومۇرتقا.

سَلِطَ يَسْلَطُ و سَلُطَ يَسْلُطُ سَلَاطَةً وَ سُلُوطَةً

الشَّخْصُ: راۋان سۆزلىدى، سۆزگە ماھىر بولدى، پاساھەتلىك سۆزلىدى.

سَلِطٌ: ئاغزى يامان؛ تىلى ئۆتكۈر؛ قاتتىق.

لِسَانٌ سَلِطٌ: ئۆتكۈر تىل؛ ئىتتىك ئېغىز، يامان تىل.

شَخْصٌ سَلِطٌ: تىلى يامان، تىلى ئۆتكۈر، ئاغزى يامان.

سُلْطَانٌ ج سَلَاطِينُ: دەلىل، پاكىت، ئىسپات؛ پادىشاھ، سۇلتان، ھاكىم؛ ھاكىمىيەت، نوپۇز، ھوقۇق، كۈچ - قۇۋۋەت؛ تىزگىنلىمەك، كونترول قىلماق، چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالماق.

«وَمَاكَانَ لَنَاأَنْ نَأْتِيَكُمْ بِسُلْطَانٍإِلَّابِإِذْنِ اللَّهِ» ‹قرآن› : ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز سىلەرگە ھېچقانداق پاكىت كۆرسىتەلمەيمىز.

«... يُجَادِلُونَ فِي آيَاتِ اللَّهِ بِغَيْرِ سُلْطَانٍ...» ‹قرآن› : ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە ھېچقانداق دەلىل بولماستىن (قارىسىغا) جاڭجاللىشىدۇ.

«لِزَعِيمِهِمْ سُلْطَانٌ كَبِيرٌ عَلَيْهِمْ» : ئۇلارنىڭ داھىسى ئۇلارنىڭ ئۈستىدە چوڭ نوپۇزغا ئىگە.

«حَضَرَ الْمُؤْتَمَرَ بَعْضُ الْحُكَّامِ وَالسَّلَاطِينِ» : يىغىنغا بەزى ھۆكۈمرانلار ۋە سۇلتانلار قاتناشتى.

«مَا أَنْزَلَ اللَّهُ بِهِ مِنْ سُلْطَانٍ» : ئاللاھ ئۇنىڭغا ھېچقانداق ھوقۇق بەرگىنى يوق.

سُلْطَانَةٌ: سۇلتاننىڭ ئايالى، خانىش.

سُلْطَانِيٌّ: سۇلتانغا مەنسۇپ، سۇلتانغا تەۋە، سۇلتانلىق، پادىشاھلىق، خانلىق.

سُلْطَانِيَّةٌ ج سُلْطَانِيَّاتٌ: چىنە - قاچا، ساپال تاۋاق، ھىجىر.

«سَقَطَتِ السُّلْطَانِيَّةُ فَكَسَرَتْ وَتَنَاثَرَتْ أَجْزَاءُهَا» : قاچا چۈشۈپ كېتىپ پارچىلىرى چېچىلىپ كەتتى.

سِكَّةٌ سُلْطَانِيَّةٌ: چوڭ يول، داغدام يول، تاش يول.

سُلْطَةٌ ج سُلُطَاتٌ: كۈچ - قۇۋۋەت، ھاكىمىيەت، نوپۇز؛ ھوقۇق؛ ئورگان؛ كونترول قىلماق، چاڭگىلىغا ئالماق.

سُلْطَةٌ مُطْلَقَةٌ: مۇتلەق ھوقۇق، تولۇق ھوقۇق.

سُلْطَةٌ زَمَنِيَّةٌ ‹عَالَمِيَّةٌ› : دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەت.

اَلسُّلُطَاتُ الْمَرْكَزِيَّةُ: مەركىزىي ئورگان، مەركىزىي دائىرىلەر.

اَلسُّلْطَاتُ الْعَسْكَرِيَّةُ: ھەربىي دائىرىلەر.

اَلسُّلْطَاتُ الْمَحَلِّيَّةُ: يەرلىك دائىرىلەر.

«أَفْرَجَتِ السُّلْطَاتُ عَنْ بَعْضِ الْمُعْتَقِلِينَ السِّيَاسِيِّينَ» : ھۆكۈمران دائىرىلەر بەزى سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بەردى.

«تَمَسَّكَ بِزِمَامِ السُّلْطَةِ» : ھوقۇقنى قولىغا ئالدى، ھوقۇق تۇتتى.

اَلسُّلْطَةُ التَّنْفِيذِيَّةُ: مەمۇرىي ھوقۇق.

سُلْطَةُ التَّشْرِيعِ: قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى.

اَلسُّلْطَةُ التَّشْرِيعِيَّةُ: قانۇن چىقىرىش ئورگىنى.

سُلْطَةُ الْقَضَاءِ: ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقى، كېسىش ھوقۇقى.

اَلسُّلْطَةُ الْقَضَائِيَّةُ: قانۇن ـ ئەدلىيە ساھەسىدىكى خادىملار.

اَلسُّلْطَاتُ الدِّينِيَّةُ: دىنىي دائىرىلەر.

اَلسُّلْطَةُ الرُّوحِيَّةُ: دىنىي ئەربابلار، دىنىي ساھەدىكىلەر.

اَلسُّلْطَةُ الْحَاكِمَةُ: ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى.

«حَدَثَ صِرَاعٌ بَيْنَ الْأَحْزَابِ عَلَى السُّلْطَةِ» : پارتىيىلەر ئارىسىدا ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى يۈز بەردى.

اَلسُّلْطَةُ أَوِالسُّلْطَاتُ الْمُخْتَصَّةُ: مەسئۇل دائىرىلەر.

سُلْطَةُ الدَّوْلَةِ الشَّعْبِيَّةِ: خەلق ھاكىمىيىتى.

اَلسُّلْطَةُ الْأَهْلِيَّةُ: يەرلىك دائىرىلەر.

سَلَطَةٌ ج سَلَطَاتٌ: سەلات، سوغۇق سەي، خام سەي.

سَلْطَنَ يُسَلْطِنُ سَلْطَنَةً: سۇلتان قىلدى، سۇلتانلىققا بەلگىلىدى، پادىشاھ قىلدى، خان قىلدى.

سَلْطَنَةٌ ج سَلْطَنَاتٌ: سۇلتانلىق، خانلىق، پادىشاھلىق، كىنەزلىك.

«تَقَعُ سَلْطَنَةُ عُمَانَ عَلَى الْخَلِيجِ الْعَرَبِيِّ» : ئومان سۇلتانلىقى ئەرەب قولتۇقىدا جايلاشقان.

سَلِعَ يَسْلَعُ سَلَعًا الْقَدَمُ: تاپان يېرىلدى.

سَلِعَتِ الْأَرْضُ: زېمىن يېرىلدى، چاك كەتتى.

سَلْعٌ ج سُلُوعٌ: پۇتتىكى يېرىق.

سَلْعٌ ج أَسْلَاعٌ و سُلُوعٌ: يوچۇق، چاك، يېرىق.

سَلْعٌ.سِلْعٌ ج أَسْلَاعٌ وَسُلُوعٌ وَ سِلْعَانٌ: تەختۇش، زامانداش، دەۋرداش، تەڭ دىمەت، يېشى تەڭ.

غِلَامَانِ سِلْعَانِ: تەڭ دېمەتلىك ئىككى بالا.

سِلْعَةٌ ج سِلَعٌ: مال، تاۋار، سودا بۇيۇملىرى، كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى.

سِلْعَةٌ كَاسِدَةٌ: كاساد مال.

سِلْعَةٌ رَائِجَةٌ: بازارلىق مال، بازىرى ئىتتىك مال.

«إِنَّنَا نَجِدُ كُلَّ مَانَحْتَاجُ إِلَيْهِ مِنَ السِّلَعِ فِي الْأَسْوَاقِ» : بىز بازاردا ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تاپىمىز.

سَلَفَ يَسْلُفُ سَلَفًا و سُلُوفًا: ئۆتتى، ئۆتۈپ كەتتى، ئۆزۈپ كەتتى، ئالدىدا ماڭدى، بۇرۇن چى بولدى.

«عَفَا اللّٰهُ عَمَّا سَلَفَ» (قرآن) : ئۆتكەنكى گۇناھىنى ئاللاھ ئەپۇ قىلدى.

سَلَفَ يَسْلُفُ سَلْفًا الْأَرْضَ: يەرنى تۈزلىدى، يەرنى تەكشىلىدى، سۈرەم سالدى، تىرنىلىدى.

سَلَفٌ ج أَسْلَافٌ: ئەجداد، ئاتا ـ بوۋا، ئىلگىرىكىلەر، پېشقەدەملەر، سەلەپلەر؛ ئۆسۈمسىز قەرز، قەرز بەرگۈچىگە پايدىسى تەگمەيدىغان قەرز؛ بۇرۇن قىلىنغان ياخشى ئەمەللەر.

«فَجَعَلْنَاهُمْ سَلَفًا وَمَثَلًا لِلْآخَرِينَ» (قرآن) : ئۇلارنى بىز كېيىنكىلەرگە نەمۇنە ۋە ئىبرەت قىلدۇق.

فِيمَا سَلَفَ: ئۆتكەندە، ئىلگىرى.

مَذَاهِبُ السَّلَفِ: بۇرۇنقىلارنىڭ مەسلىكى.

اَلسَّلَفُ الصَّالِحُ: ھۆرمەتكە سازاۋەر ئاتا ـ بوۋىلار، ياخشى ئەجدادلار.

«مُدِيرُنَا الْجَدِيدُ خَيْرُ خَلَفٍ لِخَيْرِ سَلَفٍ» : بىزنىڭ مۇدىرىمىز ئەڭ ياخشى ئىزباسار.

سَلَفًا: ئالدى بىلەن، ئاۋۋال، بۇرۇن.

«أَعْطَيْتُهُ كُلَّ الثَّمَنِ سَلَفًا» : ئۇنىڭغا ھەممە پۇلنى ئالدىن بېرىپ بولدۇم.

وَالشُّكْرُ لَكُمْ سَلَفًا: ئالدى بىلەن سىزگە رەھمەت

ئېيتمەن.

سِلْقٌ ج أَسْلاَقٌ: باجا.

سِلْقَانٌ: ئىككى باجا.

سُلَقٌ ج سُلْقَانٌ وَسِلْقَانٌ: ئورمان كەكلىكى چۈجىسى.

سُلْفَاةٌ: گۈڭگۈرت كىسلاتاسى تۇزى.

سُلْفَاةُ الْحَدِيدِ: تۆمۈر سۇلفات.

سُلْفَاةُ الرَّصَاصِ: قوغۇشۇن سۇلفات.

سَلْفَتَ يُسَلْفِتُ سَلْفَتَةً: قاراماي ياتقۇزدى، ئاسفالت ياتقۇزدى.

سِلْفَةٌ ج سَلاَئِفُ: يەڭگە؛ سىڭىل؛ ئىنىنىڭ خوتۇنى.

سِلْفَتَانِ: ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ خوتۇنلىرى، ئېپى يەڭگىلەر.

سُلْفَةٌ ج سُلَفٌ: ئاۋانس، ئاۋانس؛ بەرمەك، ئۆسۈمىلۈك قەرز، جازانە، بېرىلگەن مال، بېرىلگەن پۇل.

سُلْفَةٌ مُسْتَدِيمَةٌ: ئاۋانس، ئاۋانس بەرمەك.

سُلْفَةُ الْحِذَاءِ: پېتەك، كالتە پايپاق.

جَاؤُا سُلْفَةً سُلْفَةً: كەينى ـ كەينىدىن ئۆلىشىپ كەلدى، سوڭدىشىپ كەلدى.

سَلْفَتَةٌ: قاراماي.

سَلَفِيٌّ ج سَلَفِيُّونَ: ئەجدادلارنىڭ ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرغۇچى، سەلەفلەر يولىدا ماڭغۇچى؛ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئىجرا قىلىشتا باشقىغا ئەمەس، پەقەت قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە تايانغۇچى.

اَلسَّلَفِيَّةُ: شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئىجرا قىلىشتا پەقەت قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئاساسلىنىدىغان مەسلەك.

سَلَفِيَّةٌ ج سَلَفِيَّاتٌ: تۆلەم پۇل ئاۋانسىسى.

سَلَقَ يَسْلُقُ سَلْقًا الْبَيْضَ: تۇخۇمنى پىشۇردى.

سَلَقَهُ بِاللِّسَانِ أَوْ بِكَلاَمِهِ: ئازار بەردى، دەشنام بەردى.

«فَإِذَا ذَهَبَ الْخَوْفُ سَلَقُوكُمْ بِأَلْسِنَةٍ حِدَادٍ» «قۇرئان»: قورقۇنچ كەتكەندە، سىلەرنى كەسكىن تىللار بىلەن رەنجىتىدۇ.

سَلَقَهُ بِالسَّوْطِ: ئۇنى ساۋىدى، ئۇنى قامچىلىدى.

سَلَقَ الْبَرْدُ النَّبَاتَ: ئوت ـ چۆپكە ئۈششۈك تەگدى.

سَلَقَ اِنْتِخَابَاتٍ: سايلام ئۆتكۈزدى.

سَلَقَ الذَّبِيحَةَ بِالْمَاءِ الحَارِّ: بوغۇزلانغان مالنى قايناقسۇغا سېلىپ يۇدى.

سَلَقَ اللَّحْمَ: گۆشنى شورپا قىلدى، گۆشنى سۇدا پىشۇردى.

سَلْقٌ: پىشۇرماق، قايناتماق.

سِلْقٌ ج سُلْقَانٌ وَ سِلْقَانٌ: قىزىلچا؛ بۆرە؛ سۇ يولى.

سَلَقٌ ج أَسْلاَقٌ وَ سِلاَقٌ: يارا ئىزى، تارتۇق.

سَلَقُون: قوغۇشۇن ئوكسىد؛ سۇرۇخ.

سَلَكَ يَسْلُكُ سُلُوكًا: ھەرىكەت قىلدى، ئۆتكۈزدى، تەسەررۇپ قىلدى.

سَلَكَ الطَّرِيقَ: يول ماڭدى.

«سَلَكَ سُلُوكًا حَسَنًا»: ئۇ چىرايلىق يول تۇتتى.

«سَلَكْتُ طَرِيقًا غَيْرَ الَّذِي سَلَكْتُمُوهُ»: سىلەر ماڭمىغان يول بىلەن ماڭدىم.

سَلَكَ الْمَكَانَ: مەلۇم جايغا كىردى، قەدەم باستى.

سَلَكَ الشَّيْءَ فِي الشَّيْءِ: كىرگۈزدى.

«فِي جَنَّاتٍ يَتَسَاءَلُونَ عَنِ الْمُجْرِمِينَ مَاسَلَكَكُمْ فِي سَقَرَ» «قۇرئان»: ئۇلار جەننەتلەردە بولۇپ، گۇناھكارلاردىن: «سىلەرنى دوزاخقا كىرگۈزگەن نېمە؟» دەپ سورايدۇ.

سَلَكَ الْخَيْطَ فِي الْإِبْرَةِ: يىڭنىگە يىپ ئۆتكۈزدى، يىپ ساپتى.

«سَلَكَ حَبَّاتِ الْخَرْزِ فِي الْخَيْطِ»: مارجان دانىلىرىنى يىپقا ئۆتكۈزدى.

«كَذَلِكَ سَلَكْنَاهُ فِي قُلُوبِ الْمُجْرِمِينَ» «قۇرئان»: شۇنىڭدەك گۇناھكارلارنىڭ دىللىرىغا قۇرئاننى سالدۇق.

سِلْكٌ: ساھە.

سِلْكٌ سِيَاسِيٌّ: سىياسىي ساھەدىكىلەر، سىياسىئونلار، سىياسىي ساھە.

اَلسِّلْكُ التَّعْلِيمِيُّ: مائارىپ ساھەسىدىكىلەر.

«يَعْمَلُ أَخِي فِي السِّلْكِ السِّيَاسِيِّ»: قېرىندىشىم سىياسىي ساھەدە ئىشلەيدۇ.

اِنْتَظَمَ فِي سِلْكِ الْوَزَارَةِ: ئىچكى كابىنېتقا قاتناشتى، ئىچكى كابىنېت تەشكىل قىلدى.

اَلسِّلْكُ الدِّرَاسِيُّ: ئۆگىنىش ۋاقتى، مەشىق ۋاقتى.

سِلْكٌ ج أَسْلَاكٌ وَ سُلُوكٌ: يىپ؛ سىم؛ لىنىيە.

«اِنْقَطَعَ سِلْكُ الْعِقْدِ فَانْفَطَرَتْ حَبَّاتُهُ»: بويۇندىچاقنىڭ يىپى ئۈزۈلۈپ كېتىپ، ئۈنىڭ دانچىلىرى (ئۈنچىدىكى مارجانلار) چېچىلىپ كەتتى.

سِلْكُ الْهَوَاءِ: ئاۋىئاتسىيە، ھاۋا يولى.

سِلْكُ الْبَحْرِ: دېڭىز قاتنىشى، دېڭىز يولى.

سِلْكٌ مَعْدَنِيٌّ: مېتال سىم، پولات سىم.

سِلْكٌ نَبَاتِيٌّ: پىلەكلىك ئۆسۈملۈك.

سِلْكٌ بَحْرِيٌّ: دېڭىز ئاستى ئېلېكتر سىمى.

سِلْكٌ بَرْقِيٌّ: تېلېگراف سىمى.

سِلْكٌ هَوَائِيٌّ: ھاۋاغا تارتىلغان سىم، ئانتېنا.

سِلْكٌ كَهْرَبَائِيٌّ: توك سىمى.

بِلَاسِلْكٍ: سىمسىز.

آلَةُ الْخَزْمِ بِالسِّلْكِ: دەپتەر تىككۈچ.

أَسْلَاكٌ مَفْتُولَةٌ: كابېل.

أَسْلَاكٌ شَائِكَةٌ: تىكەنلىك سىم.

بِلَا أَسْلَاكٍ: سىمسىز.

«عَلَى الْمَرْءِ أَنْ لَا يُطْلِقَ الْعِنَانَ لِلسُّلُوكِ السَّيِّئِ»: كىشى يامان قىلمىشلىرىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمەسلىكى كېرەك.

سِلْكِيٌّ: سىملىق.

جِهَازُ اِلْتِقَاطٍ لَا سِلْكِيٍّ: رادىئو.

اِتِّصَالٌ لَاسِلْكِيٌّ: رادىئو ئارقىلىق ئالاقىلىشىش.

اِتِّصَالَاتٌ سِلْكِيَّةٌ: تېلېفون ئارقىلىق ئالاقىلىشىش.

إِشَارَةٌ لَاسِلْكِيَّةٌ: رادىئو، رادىئو ئارقىلىق خەۋەر يەتكۈزۈش.

مُخَابَرَةٌ لَاسِلْكِيَّةٌ: رادىئو خەۋىرى.

رِسَالَةٌ لَاسِلْكِيَّةٌ: تېلېگراما، سىمسىز رادىئو سىگنالى.

سَلَّ يَسُلُّ سَلًّا الشَّيْءَ مِنَ الشَّيْءِ: چىقىرىۋالدى، سۇغۇرىۋالدى.

سَلَّ سَيْفَهُ: قىلىچىنى سۇغۇرىۋالدى.

سَلَّهُ الدَّاءُ: كېسەل بولۇپ قالدى.

سُلَّ الشَّخْصُ: ئۆپكە كېسىلى بولۇپ قالدى.

سُلٌّ. سِلٌّ. دَاءُ السِّلِّ: ئۆپكە كېسىلى.

سِلٌّ رِئَوِيٌّ: ئۆپكە تۇبېركۇليوزى.

سِلٌّ تَدَرُّنِيٌّ: تۇبېركۇليوز كېسىلى.

سِلٌّ مُسْتَعْجِلٌ: كۆك يۆتەل.

سِلُّ الْعِظَامِ: سۆڭەك تۇبېركۇليوزى.

سَلٌّ ج سِلَالٌ: سېۋەت.

سُلَاءَةٌ ج سُلَاءٌ: تىكەن.

سَلَّابٌ: قاراقچى، بۇلاڭچى، باندىت، باسمىچى، ئوغرى.

سَلَّاقٌ: ناتىق، پاساھەت ـ بالاغەت بىلەن سۆزلەيدىغان ئادەم.

سَلَّالٌ ج سَلَّالُونَ: سېۋەت توقۇغۇچى، سېۋەتچى.

سِلَّايَةٌ: تىكەن.

سَلَّبَ يُسَلِّبُ تَسْلِيبًا ـ تِ الْحَامِلُ: ھامىلە چۈشۈپ كەتتى، بويىدىن ئاجراپ كەتتى.

سَلَّةٌ ج سِلَالٌ وَ سَلَّاتٌ: سېۋەت.

سَلَّةُ الْمُهْمَلَاتِ: كېرەكسىز نەرسىلەر سېۋىتى، ئەخلەت سېۋىتى.

كُرَةُ السَّلَّةِ: ۋاسكىتبول.

سَلَّحَ يُسَلِّحُ تَسْلِيحًا: قوراللاندۇردى.

سَلَّسَ يُسَلِّسُ تَسْلِيسًا الْحَلْيَ: گۆھەر بىلەن نەقىشلىدى، گۆھەر ياللاتتى.

سَلَّسَ اللُّغَةَ: لۇغەتنى پىششىق بىلدى.

سَلَّطَ يُسَلِّطُ تَسْلِيطًا عَلَى الشَّخْصِ: مۇسەللەت قىلدى، ھۆكۈمران قىلدى.

«وَلَوْ شَاءَ اللّٰهُ لَسَلَّطَهُمْ عَلَيْكُمْ» «قرآن»:

ئەگەر ئاللاھ خالىسا، ئۇلارنى سىلەرگە مۇسەل-لەت قىلاتتى.

سَلَّعَ يُسَلِّعُ تَسْلِيعًا: يارىدى، چاپتى.

سَلَّفَ يُسَلِّفُ تَسْلِيفًا مَالاً: مالنى قەرز بەردى، ئۆتنە بەردى.

سَلَّكَ يُسَلِّكُ تَسْلِيكًا الشَّيْءَ: ئاچتى، تەرتىپكە سالدى، رەتلىدى.

سَلَّكَ الأَسْنَانَ: چىشنى چوتكىلىدى، چىشىنى كولىدى.

سَلَّكَ الأَمْرَ الْمُعَقَّدَ: قىيىن ئىشنى ھەل قىلدى.

سَلَّكَ الْخَيْطَ: ئۆتكۈننى يەشتى.

سَلَّمَ يُسَلِّمُ تَسْلِيمًا عَلَى شَخْصٍ: سالام بەردى، قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

«يَاأَيُّهَاالَّذِينَآمَنُوالاَتَدْخُلُوابُيُوتًاغَيْرَبُيُوتِكُمْحَتَّى تَسْتَأْنِسُواوَتُسَلِّمُواعَلَى أَهْلِهَا» (قرآن): ئى مۆمىنلەر! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە (كىرمەكچى بولساڭلار) ئىجازەت سورىمىغىچە ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگىچە كىرمەڭلار.

«سَلَّمْتُ عَلَيْهِمْ فَقَالُوا وَعَلَيْكَ السَّلاَمُ»: ئۇلارغا سالام بېرىۋىدىم، ئۇلار: «ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ ئىلىك ئالدى.

«سَلَّمَ عَلَيْهِمْ وَاحِدًا وَاحِدًا»: ئۇلارغا بىرمۇ-بىر سالام قىلدى.

سَلَّمَ إِلَيْهِ: ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بەردى، ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەردى، تاپشۇردى.

«سَلَّمَ الْعَمَلَ إِلَى النَّوْبَةِ التَّالِيَةِ»: ئىشنى كېيىنكى ئىسمېنىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

سَلَّمَ بِالأَمْرِ: رازى بولدى، مەمنۇن بولدى.

سَلَّمَ أَمْرَهُ إِلَى اللَّهِ: ئىشنى ئاللاھقا تاپشۇردى، تەقدىرگە تەن بەردى، پېشانىسىدىن كۆردى.

سَلَّمَ إِعْلاَنًا قَضَائِيًّا: چاقىرىق ئەۋەتتى.

سَلَّمَ لَهُ فِي: ئۇنىڭغا يول قويدى.

سَلَّمَ بِالْقَضَاءِ وَالْقَدَرِ: تەقدىرگە بويسۇندى، تەقدىرگە تەن بەردى.

سَلَّمَ شَيْئًا إِلَى شَخْصٍ: نەرسىنى بەردى، تاپشۇرۇپ بەردى.

«سَلَّمْتُ الرِّسَالَةَ إِلَى صَاحِبِهَا»: مەن خەتنى ئىگىسىگە تاپشۇردۇم.

سَلَّمَ نَفْسَهُ لِلشُّرْطَةِ: ساقچىغا ئۆزىنى مەلۇم قىلدى.

سَلَّمَهُ: ئۇنى قۇتقۇلدۇردى، ساق قالدۇردى.

«كَادَ يَغْرَقُ وَلَكِنَّ اللَّهَ سَلَّمَهُ»: ئۇ غەرق بولاي دەپ قالغانىدى، لېكىن ئاللاھ ئۇنى ئامان قىلدى.

سَلَّمَ نَفْسَهُ: تەسلىم بولدى، ئۆزىنى مەلۇم قىلدى.

سَلَّمَ سِلاَحَهُ: قورالىنى تاپشۇردى.

سَلَّمَ سِلاَحَهُ: قورال تاپشۇردى.

سَلَّمَ إِلَى الْعَدُوِّ: دۈشمەنگە تەسلىم بولدى.

«سَلَّمُوا لِعَدُوِّهِمْ بَعْدَ أَنْ نَفِدَتْ ذَخِيرَتُهُمْ»: ئوق - دورىلىرى تۈگەپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلار دۈشمەنگە تەسلىم بولدى.

سَلَّمَ لَهُ: ئۇنىڭ ئۈستۈن كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشتىن توختىدى.

سَلَّمَهُ مِنْ خَطَرٍ: ئۇنى خەتەردىن ساقلاپ قالدى، ئۇنى قۇتقۇزدى.

سَلَّمَ الْمُصَلِّي: نامازدىن چىقتى، نامازنى ئاخىر-لاشتۇردى، سالام بېرىپ نامازنى تۈگەتتى.

«أُسَلِّمُ بِصِحَّةِ مَا قُلْتَ»: دېگەنلىرىڭىزنىڭ راستلىقىدىن مەمنۇنمەن.

سُلَّمٌ. سُلَّمَةٌ ج سَلاَلِمُ و سَلاَلِيمُ: شوتا، پەلەمپەي، ۋاسىتە.

«أَسْنَدَ السُّلَّمَ إِلَى الْجِدَارِ»: شوتىنى تامغا يۆلەپ قويدى.

«فَإِنِ اسْتَطَعْتَ أَنْ تَبْتَغِيَ نَفَقًا فِي الأَرْضِ أَوْ سُلَّمًا فِي السَّمَاءِ» (قرآن): ئۇنداقتا يەر ئاستىغا كىرىشكە يول ياكى ئاسمانغا چىقىشقا شوتا تېپىپ بىر مۆجىزە كەلتۈرەلىسەڭ (كەلتۈرگىن).

سُلَّمُ الْبَيْتِ: ئۆينىڭ پەلەمپىيى.

سُلَّمٌ مِيكَانِيكِيٌّ: لىفت.

سُلَّمٌ مُتَنَقِّلٌ: ھەرىكەتچان شوتا.

اِتَّخَذَهُ سُلَّمًا: ئۇنى ۋاسىتە قىلىۋالدى.

«يَتَّخِذُ مَنْصِبَهُ سُلَّمًا إِلَى أَهْدَافٍ أُخْرَى»: مەنسىپىنى باشقا غەرەزلەرگە يېتىشنىڭ ۋاسىتىسى قىلىۋالدى.

اَلسُّلَّمُ الْمُوسِيقِيُّ: ئىنتېرۋال، ئاھاڭ ئارىلىقى، گامما (بارغانسېرى يۇقىرىلايدىغان ياكى تۆۋەنلەيدىغان ئاۋۋازلار تىزمىسى).

سِلَّوْرٌ: دېڭىز يىلان بېلىقى.

سَلَّى يُسَلِّي تَسْلِيَةً: مەشغۇل قىلدى؛ شادلاندۇردى.

سَلَّاهُ: ئۇنىڭغا تەزىيە بىلدۈردى.

سَلِمَ يَسْلَمُ سَلَامًا و سَلَامَةً مِنْ خَطَرٍ: زىيان ـ زەخمەت يەتمىدى، قۇتۇلدى، ئامان قالدى، ساق قالدى.

سَلِمَ مِنْ عَيْبٍ: ئەيىب نۇقسانىدىن خالى بولدى.

«لَمْ يَسْلَمْ مِنَ الْحَرِيقِ سِوَى مَنْزِلٍ وَاحِدٍ»: ئوت ئاپىتىدە بىر ئۆيدىن باشقا ھېچنېمە ئامان قالمىدى.

سَلْمٌ ج أَسْلَامٌ و سِلَامٌ: چېلەك، سوغا.

سَلَمٌ: سالام، سالام بەرمەك، تىنچ ـ ئامانلىق سورىماق؛ ئەگمەك، تەسلىم بولماق، بويسۇنماق؛ ئەسىر.

«وَأَلْقَوا إِلَى اللّٰهِ يَوْمَئِذٍ السَّلَمَ» «قرآن»: شۇ كۈندە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھقا باش ئەگكەنلىكىنى بىلدۈردۇ.

سَلْمٌ. سِلْمٌ. سَلَامٌ: تىنچلىق، ئامانلىق، سالامەتلىك، بىخەتەرلىك، خاتىرجەملىك، جىمجىتلىق؛ ئىسلام دىنى.

«يٰأَيُّهَاالَّذِيْنَ آمَنُوا ادْخُلُوا فِي السِّلْمِ كَافَّةً»

«قرآن» : ئى مۆمىنلەر! ئىسلام دىنىغا پۈتۈنلەي كىرىڭلار.

أَنْصَارُ السِّلْمِ: تىنچلىق تەرەپدارلىرى.

«وَإِنْ جَنَحُوا لِلسِّلْمِ فَاجْنَحْ لَهَا» «قرآن»: ئەگەر ئۇلار تىنچلىققا مايىل بولسا، سەنمۇ تىنچلىققا مايىل بولغىن.

سِلْمِيٌّ: تىنچلىقپەرۋەرلىك، تىنچلىققا مەنسۇپ.

بِالطُّرُقِ السِّلْمِيَّةِ: تىنچ ئۇسۇللار بىلەن، تىنچ يوللار بىلەن.

سَلْهَبٌ ج سَلَاهِبُ و سَلَاهِبَةٌ: قەددى ـ قامەتلىك، بەستلىك.

سَلْهَبَةٌ مِنَ النِّسَاءِ: قامەتلىك ئايال، بەستلىك ئايال.

سَلْوٌ: ئۇنۇتماق، ئۇنتۇپ كەتمەك، ئېسىدىن چىقىپ كەتمەك، يادىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمەك؛ كۆڭۈل ياسىماق، تەسەللى بەرمەك، بەزلىمەك، كۆڭۈل ئېيتماق.

«اِبْنَتُهُ الصَّغِيرَةُ هِيَ سَلْوَاهُ الْوَحِيدَةُ» : ئۇنىڭ كىچىك قىزى ئۇنىڭ بىردىنبىر ئەرمىكىدۇر.

سَلْوَاةٌ: بۆدۈنە.

سَلْوَانٌ: ئۇنۇتماق، ئۇنتۇپ كەتمەك، ئېسىدىن چىقىپ كەتمەك، يادىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمەك، كۆڭۈل ياسىماق، تەسەللى بەرمەك، بەزلىمەك، كۆڭۈل ئېيتماق.

سَلْوَةٌ ج سُلْوَةٌ: ئويۇن ـ تاماشا، كۈلكە ـ چاقچاق، كۆڭۈل خوشى.

«أَصْبَحَ فَنُّهُ سَلْوَتَهُ» : ھۈنىرى ئۇنىڭغا ئەرمەك بولدى.

هُوَ فِي سَلْوَةٍ مِنَ الْعَيْشِ: ئۇنىڭ تۇرمۇشى كۆڭۈللۈك.

سُلُوقَانٌ: بىر خىل نېپىز يالتىراق قەغەز.

سَلُوقِيٌّ: ئوۋ ئىتى، تايغان.

سَلُوقِيَّةٌ: كىيىم باشلىقى.

سُلُوكٌ: مەسلەك؛ يۈرۈش ـ تۇرۇش، ئەخلاق، قىلىق، پېئىل، ھەرىكەت.

سُلُوكُ الْبَحْرِ: دېڭىز قاتنىشى.

آدَابُ السُّلُوكِ: قائىدە ـ يوسۇن، ئەدەپ ـ قائىدە، مۇراسىم.

حُسْنُ السُّلُوكِ: ئەخلاقلىق، ئەدەپ ـ قائىدىلىك، ئەخلاقىي دۇرۇس، گۈزەل ئەخلاقلىق.

سَيِّئُ السُّلُوكِ: ئەخلاقسىز، ئەدەپسىز، ئەخلاقى ناچار.

شَهَادَةُ حُسْنِ السُّلُوكِ: گۈزەل ئەخلاق شاھادەتنامىسى.

سُلُوٌّ: ئۇنۇتماق، ئۇنتۇپ كەتمەك، ئېسىدىن چىقىپ كەتمەك، يادىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمەك. كۆڭۈل ياسىماق، تەسەللى بەرمەك، بەزلىمەك، كۆڭۈل ئېيتماق.

سَلْوَى ج سَلَاوَى: بۆدۈنە، تەرەنجىبىن.

«وَأَنْزَلْنَا عَلَيْهِمُ الْمَنَّ وَالسَّلْوَى» «قرآن»: سىلەرگە تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈنىنى چۈشۈرۈپ بەردۇق.

سَلِيَ يَسْلَى سُلِيًّا: ئۇنتۇپ كەتتى، سوۋۇپ كەتتى.

سَلِيبٌ ج سُلُبٌ و سَلْبَى: بۇلۇۋېلىنغان، تارتىۋېلىنغان، تالان - تاراج قىلىنغان.

سَلِيبُ الْعَقْلِ: ساراڭ، مەجنۇن، ئەقلىنى يوقاتقان، ئەقلىدىن ئازغان.

سَلِيجٌ: مەززىلىك يېمەكلىك.

سَلِيخٌ: تەمى يوق، بەتتام، تۇزسىز، لەززەتسىز.

سَلِيخَةٌ: قوزاق دارچىن؛ يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق.

سَلِيطٌ ج سُلَطَاءُ: ئاغزى يامان، تىلى ئۆتكۈر؛ تەنتەك؛ قاتتىق؛ قارام؛ ئەدەپسىز، شاللاق.

رَجُلٌ سَلِيطٌ: ئاغزى يامان ئادەم.

كَانَ سَلِيطَ اللِّسَانِ: ئاغزى يامان ئادەم ئىدى.

سَلِيطَةٌ ج سَلاَئِطُ و سَلِيطَاتٌ: تىلى ئۆتكۈر، تىلى ئۇزۇن.

سَلِيقٌ ج سُلَقَاءُ و سُلُوقٌ: ئاساس سالغۇچى، ئاساسچى، باشلامچى، پېشۋا، ئالدىدا ماڭغۇچى.

سَلِيقٌ ج سُلُقٌ: يولىنىڭ قاسنىقى، يولنىڭ چېتى؛ چۈشكەن غازاڭ.

سَلِيقَةٌ ج سَلاَئِقُ: شورپا؛ پىششىق يېمەكلىك؛ تەبىئىي تۇيغۇ؛ تەبىئىي مەي؛ تەبىئەت؛ خاراكتېر.

«إِسْتَرْسَلَ فِي الْكَلاَمِ عَلَى سَلِيقَتِهِ»: تەبىئىي خاراكتېر بويىچە راۋان سۆزلىدى.

سُلِقَ عَلَى سَلِيقَةٍ مُعَيَّنَةٍ: مۇئەييەن خاراكتېر بىلەن يېتىلدى.

يَتَكَلَّمُ بِالسَّلِيقَةِ: تۇغما خاراكتېر بىلەن پاساھەتلىك سۆزلەيدۇ.

سَلِيقِيٌّ: تەبىئىي تۇيغۇغا مەنسۇپ، تەبىئىي ھالەتكە مەنسۇپ.

سَلِيلٌ ج سُلاَّنٌ: سايدىكى سۇ يولى؛ ئەۋلاد، ئۇرۇق - ئەۋلاد؛ ساپ شاراب، ساپ ماي؛ ئاتىنىڭ مېڭىسى؛ تۆگىنىڭ لوككىسى؛ ئۆپقەن.

سَلِيلُ الشُّحْمِ: ئەۋلاد، ئۇرۇق - ئەۋلاد.

«هَذَا سَلِيلُ عَائِلَةٍ كَرِيمَةٍ»: بۇ، ئېسىل ئائىلىنىڭ ئەۋلادى.

سَلِيلَةٌ: قىز بالا؛ ئۇزۇن بېلىق.

سَلِيمٌ ج سُلَمَاءُ و سَلْمَى: بىجىرىم، ساغلام، تىنچ؛ تولۇق، ئامان - ئېسەن، سالامەت.

سَلِيمُ النِّيَّةِ: ياخشى نىيەتلىك.

سَلِيمُ الْقَلْبِ: ئاق كۆڭۈل، ئەدىبىسى ساغلام، كۆڭلىدە كىر يوق، دىلى پاك.

سَلِيمُ الْعَاقِبَةِ: ياخشى ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغان، ئاقىۋىتى ياخشى، زىيان - زەخمەت ئېلىپ كەلمەيدىغان.

سَلِيمٌ مِنْ كَذَا: ئەيىبسىز، قۇسۇرسىز، نۇقسانىدىن خالى.

ذَوْقٌ سَلِيمٌ: ساغلام زوق.

سَلِيمُ الْعَقْلِ: ئەقلىي ساغلام، ئەس - ھوشى جايىدا.

سَلِيمُ الْجِسْمِ: بەدەن قۇرۇلۇشى ساغلام، تەندۇرۇس، تېنى ساغلام، بىجىرىم.

سَلِيمُ الْبِنْيَةِ: بەدەن قۇرۇلۇشى ساغلام، تەندۇرۇس، تېنى ساغلام.

«اَلْعَقْلُ السَّلِيمُ فِي الْجِسْمِ السَّلِيمِ» (مثل): ساغلام تەندە ساپ ئەقىل.

سُلَيْمَانِيٌّ: سۇلما، سىماپ، خلورىد، سىماپتىن ئېلىنىدىغان زەھەرلىك ماددا.

حَجَرٌ سُلَيْمَانِيٌّ: رودا.

سَمَا يَسْمُو سُمُوًّا: ئۆرلىدى، يۇقىرىلىدى.

«سَمَا الطَّائِرُ فِي الْجَوِّ»: قۇش ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى.

سَمَا بِنَظَرِهِ إِلَى الشَّيْءِ: يۇقىرىغا قارىدى، ئاسمانغا قارىدى.

سَمَا بِهِ: كۆتۈردى، يۇقىرىلاتتى، ئۆرلەتتى.

«سَمَا بِهِ عِلْمُهُ»: بىلىمى ئۇنىڭ دەرىجىسىنى كۆتۈردى.

سَمَا الْقَوْمَ: قەۋم ئۇۋغا چىقتى.

سَمَتْ نَفْسُهُ إِلَى مَعَالِمِ الْأُمُورِ: پۈتۈن قەلبىنى بېغىشلىدى، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلدى.

سُمَا: ياخشى نام، ياخشى ئاتاق، شۆھرەت - ئابرۇي.

سَمَاءٌ ج سَمَوَاتٌ و سَمَاوَاتٌ: ئاسمان، ھاۋا بوشلۇقى، پەلەك، كۆك.

«وَزَيَّنَّا السَّمَاءَ الدُّنْيَا بِمَصَابِيحَ» «قرآن» : بىز (بىزگە ئەڭ يېقىن بولغان ئاسمانلاردىن) ئەڭ يېقىن ئاسماننى چىراغلار (يەنى يورۇق يۇلتۇزلار) بىلەن بېزىدۇق.

سَمَاءُ السَّمَاوَاتِ: ئەڭ يۇقىرى ئاسمان.

طُيُورُ السَّمَاوَاتِ: ئۇچار قۇشلار، ئۇچار قاناتلار.

سَمَائِيٌّ: يۇقىرىلىق، ئاسماندىكى؛ ھاۋا رەڭ؛ ساماۋى، روھى، مەنىۋى.

سَمَاجَةٌ: سەت بولماق، كۆرۈمسىز بولماق، قەبىھلەشمەك، قوپال بولماق، قەبىھ بولماق.

سَمَاحٌ: ئەپۇ قىلىش، كەچۈرۈم قىلىش؛ كەڭ قورساقلىق؛ ئىجازەت بەرمەك، رۇخسەت قىلماق، يول قويماق.

عَدَمُ السَّمَاحِ: رۇخسەت قىلماسلىق، ئىجازەت بەرمەسلىك.

فِتْرَةُ سَمَاحٍ: قەرزنى تۆلەشكە بېرىلگەن مۆھلەت.

رَقْصَةُ السَّمَاحِ: ئەر - ئاياللار ئارىلاش ھالقا بولۇپ ئوينايدىغان كوللېكتىپ ئۇسسۇل.

بَيْعُ السَّمَاحِ: تۆۋەن باھادا سېتىپ بېرىش، ئېتىبار باھادا سېتىپ بېرىش.

سَمَاحَةٌ: سېخىيلىق، مەردلىك، كەڭ قوللۇق، كەڭ قورساقلىق، ئەپۇچانلىق.

صَاحِبُ السَّمَاحَةِ الْمُفْتِي: مۆپتى ئالىيلىرى، ھەزرەتلىرى، جانابلىرى، ئالىيلىرى (مۆپتىغا قارىتا ئىشلىتىلىدىغان ھۆرمەت سۆزى).

سِمَاخٌ: قۇلاق تۆشۈكى.

سَمَادٌ ج أَسْمِدَةٌ: ئوغۇت، قىغ.

«يُمِدُّ الْفَلَّاحُ زَرْعَهُ بِالسَّمَادِ» : دېھقان زىرائەتلىرىنى ئوغۇتلايدۇ.

سَمَارٌ: پىلىك ئوت.

سِمَاطٌ ج سُمُطٌ و أَسْمِطَةٌ: تاماق ئۈستىلى، تاماق جوزىسى، داستىخان.

«نَظَّمْتُ السِّمَاطَ بَعْدَ أَنْ إِنْتَهَيْنَا مِنَ الْأَكْلِ» : تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن داستىخاننى يىغىشتۇردۇم.

سَمَاعٌ: ئاڭلاش سېزىمى؛ قۇلاق؛ ئاڭلىماق.

شَهَادَةُ سَمَاعٍ: ئاڭلىغۇچىنىڭ ئىسپاتى.

سَمَاعٌ «فِي النَّحْوِ» : قوللىنىش ئادىتى، ئىشلىتىش ئادىتى (گىراماتىكىدا).

سَمَاعِيٌّ: ئادەت بويىچە، ئاغزاكى تارقالغان.

شَاهِدٌ سَمَاعِيٌّ: ئاڭلاپ گۇۋاھلىق بەرگۈچى.

سُمَاقٌ: ساپ، پاك - پاكىز.

سِمَاكٌ: تۈۋرۈك، تىرەك.

اَلسِّمَاكُ الرَّامِحُ: پادىچى يۇلتۇز تۈركۈمى.

اَلسِّمَاكُ الْأَعْزَلُ: سۈنبۈلە يۇلتۇز تۈركۈمى.

اَلسِّمَاكَانِ: ئىككى يورۇق يۇلتۇز، قوشكېزەك يۇلتۇز (پادىچى يېگىت بىلەن توقۇمىچى قىز).

سَمَاكَةٌ: تورۇس؛ ئېگىزلىك، قېلىنلىق.

سَمَامَةٌ: قارلىغاچ.

سُمَانَاةٌ ج سُمَانِيَاتٌ: بۆدۈنە.

سُمَانِيٌّ: بۆدۈنە.

سَمَاوِيٌّ: يۇقىرىلىق، ئاسماندىكى؛ ھاۋا رەڭ؛ ساماۋى، روھىي، مەنىۋى.

اَلْأَجْرَامُ السَّمَاوِيَّةُ: ئاسمان جىسىملىرى.

سَمَتَ يَسْمُتُ وَ يَسْمِتُ سَمْتًا : قارىسىغا يول ماڭدى، تەقى - تۇرقى چىرايلىق بولدى.

سَمَتَ الشَّيْءَ: كۆزلىدى، قورساقىغا پۈكتى، نىشانلىدى.

سَمْتٌ ج سُمُوتٌ: يول، داغدام يول؛ يۆنىلىش تەرەپ؛ تەقى - تۇرقى، سىرتقى قىياپەت، تۇس، چىراي.

«مَضَى فِي سَمْتِهِ نَحْوَ هَدَفِهِ» : غايىسىنى نىشانلاپ ئۆز يولىدا ماڭدى.

سَمْتُ الْإِعْتِدَالِ: كۈن - تۈن تەڭلىشىش چەمبىرى.

سَمْتُ الْإِنْقِلَابِ: كۈن توختاش چەمبىرى.

سَمْتُ الرَّأْسِ: ئاسمانغا قارىغۇچىنىڭ باش ئۈستى ئۇدۇلىدىكى ئاسمان نۇقتىسى.

رَزِينُ السَّمْتِ: سەت، قەبىھ، خۇنۇك، قوپال.

سَمُجَ يَسْمُجُ سَمَاجَةً وَ سُمُوجَةً : سەتلەشتى، قەبىھلەشتى، خۇنۇكلەشتى، قوپال بولدى، رەزىللەشتى.

«سَمُجَتْ تَصَرُّفَاتُهُ فَطُرِدَ مِنْ وَظِيفَتِهِ» : ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى رەزىل بولغانلىقى ئۈچۈن ۋەزىپىسىدىن قوغلاندى.

سَمْجٌ ج سِمَاجٌ و سَمْجُونَ و سَمْجَاءُ و سَمَاجَى: قەبىھ، قوپال، تولۇق، سەت، كۆرۈمسىز.

سَمَحَ يَسْمَحُ سَمَاحًا و سَمَاحَةً لَهُ بِالْأَمْرِ: ئىجازەت بەردى، قوشۇلدى، رۇخسەت قىلدى.

«سَمَحَ لَهُ بِالْمُرُورِ» : ئۇنىڭ ئۆتۈشىگە رۇخسەت قىلدى.

لَا سَمَحَ اللّٰهُ: ئاللاھ تائالا بۇنىڭغا يول قويمىغاي، ئاللاھ تائالا بۇ ئىشنى يۈز بەرگۈزمىگەي (دۇئا سۆزلىرى ئارىسىدا قىستۇرۇلۇپ دېيىلىدىغان دۇئا تەلەپ سۆزى).

سَمُحَ يَسْمُحُ سِمَاحًا و سُمُوحًا و سَمَاحَةً و سُمُوحَةً و سَمْحًا: مەرد بولدى، كەڭ بولدى، سېخىي بولدى، كەڭ قورساق بولدى، كەڭچىلىك قىلدى.

سَمْحٌ: سېخىيلىق، مەردلىك، كەڭ قوللۇق.

سَمْحٌ ج سِمَاحٌ: مەرد، كەڭ قورساق.

رَجُلٌ سَمْحٌ: كەڭ قورساق ئادەم، مەرد ئادەم.

دِينٌ سَمْحٌ: ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدىغان دىن، قولاي دىن.

اَلشَّرِيعَةُ السَّمْحَاءُ: كەڭچىلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىسلام شەرىئىتى، قولاي شەرىئەت.

اَلْمِلَّةُ السَّمْحَاءُ: كەڭ دىن ئىسلام دىنى.

سِمْحَاقٌ: توقۇلما.

شَرِيعَةٌ سَمْحَةٌ: ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدىغان شەرىئەت، قولاي شەرىئەت.

سَمَخَ يَسْمَخُ سَمْخًا الذَّرْعُ: زىرائەت بىخ چىقاردى، ئۈندى، بىخلاندى.

سَمَخَ يَسْمَخُ سَمْخًا ـ هُ: قۇلاقنىڭ تۆشۈكى زەخمىلەندى.

زَرْعٌ حَسَنُ السَّمْخَةِ: ياخشى ئۆسكەن زىرائەت.

سَمَدَ يَسْمُدُ سُمُودًا: غەپلەتتە قالدى، تېڭىرقاپ قالدى، ھەيرەتتە قالدى، غادىيىپ ماڭدى، كېرىلىپ ماڭدى.

سَمَدَ يَسْمُدُ سَمْدًا الْجِمَالُ: تۆگە تېز ماڭدى.

سَمَدَ فِي الْعَمَلِ: ئىشقا بېرىلدى، ئىشنى داۋاملاشتۇردى، بېرىلىپ ئىشلىدى.

سَمَدَهُ: ئۇنى كۆزلىدى.

سَمَدَ الْأَرْضَ: يەرنى ئوغۇتلىدى.

سَمْدٌ: مەڭگۈ، ئەبەدى، دائىم.

هُوَ لَكَ سَمْدًا: ئۇ مەڭگۈ ساڭا مەنسۇپ، ئۇ ئاخىرغىچە سېنىڭ.

سَمَرَ يَسْمُرُ سَمَرًا و سُمُورًا: كېچىچە پاراڭلاشىپ چىقتى.

«نَسْمُرُ كُلَّ لَيْلَةٍ حَتَّى سَاعَةٍ مُتَأَخِّرَةٍ» : بىز ھەركۈنى بىرىم كېچىگىچە پاراڭلىشىمىز.

سَمُرَ يَسْمُرُ سُمْرَةً: قوڭۇر رەڭگە ئۆزگەردى، بۇغداي رەڭگە ئۆزگەردى.

«تَعَرَّضَ لِلشَّمْسِ طَوِيلًا فَسَمُرَ» : ئۇزۇن كۈنگە قاقلىنىپ رەڭگى قارىداپ كەتتى.

سَمِرَ يَسْمَرُ سَمْرَةً: جىگەر رەڭگە كىردى، قوڭۇر رەڭلىك بولدى، بۇغداي ئۆڭلۈك بولدى.

سَمَرٌ ج أَسْمَارٌ: كېچىلىك پاراڭ، كېچىلىك سۆھبەت.

سَمُرٌ ج أَسْمُرٌ: ئەرەب كاۋچۇك دەرىخى.

اَلسَّمْرَاءُ: بۇغداي ئۆڭ.

اِمْرَأَةٌ سَمْرَاءُ: قارامتۇل ئايال.

اَلْبَشَرِيَّةُ السَّمْرَاءُ: قوڭۇر تەنلىك.

سُمْرَةُ اللَّوْنِ: قوڭۇر رەڭ؛ بىغىر رەڭ، جىگەر رەڭ.

«سُمْرَتُهُ تَدُلُّ عَلَى أَنَّهُ مِنْ أَصْلٍ غَيْرِ أُورُوبِيٍّ» : ئۇنىڭ چىرايىنىڭ قوڭۇرلۇقى ئۇنىڭ ئەسلى ياۋروپالىق ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

سَمَّجَ يَسْمَّجُ سَمَّجًا: ئادەم بىجى ئالدى.

سِمْسَارٌ ج سَمَاسِرَةٌ و سَمَاسِرُ و سَمَاسِيرُ: دەللال، بىدىك، ۋاستىچى.

سَمَاسِرَةُ الشُّوءِ: ئىغۋاگەرلەر، پىتنە ـ پاساتچىلار.

سَمْسَرَ يُسَمْسِرُ سَمْسَرَةً: دەللاللىق قىلدى، ۋاستىچىلىق قىلدى.

سَمْسَرَةٌ: شىپىرىنكانە، چاي پۇلى، ئالدى ـ ساتتى كېلىشتۇرۇش ھەققى.

سِمْسِمٌ: كۈنجۈت.

سَمَطَ يَسْمُطُ سُمُوطًا الرَّجُلُ: شۈك بولدى، جىم تۇرىۋالدى، سۈكۈت قىلدى، گەپ قىلمىدى، بەتتام بولۇپ قالدى، قەسەم قىلدى،

سَمَطَ يَسْمُطُ وَ يَسْمِطُ سَمْطًا الذَّبِيحَةَ: بوغۇزلانغان ھايۋاننىي يۇڭداش ئۈچۈن قايناق سۇغا باستى.

سَمَطَ الشَّيْءَ: ئېسىپ قويدى.

سَمَطَ السِّكِّينَ: پىچاقنى بىلىدى.

سِمْطٌ ج سُمُوطٌ: ئۈنچە ـ مارجان ئۆتكۈزۈلگەن يىپ، بويۇنچۇق، بويۇنغا ئاسىدىغان مارجان.

سَمِعَ يَسْمَعُ سَمْعًا وَسِمْعًا وَ سِمَاعًا وَسَمَاعَةً وَسَمَاعِيَةً وَمَسْمَعًا الصَّوْتَ: ئاۋازنى ئاڭلىدى، تىڭشىدى.

«مِنْ آدَابِ الْمُحَادَثَةِ أَنْ تَسْمَعَ لِمُحَدِّثِكَ»: ساڭا سۆز قىلغۇچىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىش سۆھبەتنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرىدىندۇر.

سَمِعَ لَهُ: ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى.

سَمِعَ الْكَلَامَ: سۆزنى چۈشەندى.

سَمِعَ الدُّعَاءَ: دۇئانى ئىجابەت قىلدى، قوبۇل قىلدى.

سَمِعَ عَرْضًا: مەقسەتسىز ئاڭلىدى.

سَمِعَ لَهُ أَوْ إِلَيْهِ: ئۇنىڭغا قۇلاق سالدى.

سَمِعَ مِنْهُ: ئۇنىڭدىن ئاڭلىدى.

سَمْعٌ. سَمْعَةٌ ج أَسْمَاعٌ و أَسْمُعٌ ج أَسَامِعُ و أَسَامِيعُ: ئاڭلاش سېزىمى؛ قۇلاق؛ ئاڭلىماق.

«وَجَعَلَ لَكُمُ السَّمْعَ وَالْأَبْصَارَ وَالْأَفْئِدَةَ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ» «قرآن»: ئاللاھ سىلەرگە شۈكرى قىلسۇن دەپ قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەكلەرنى ئاتا قىلدى.

أَعَارَ سَمْعَهُ: جىمجىت قۇلاق سالدى.

ثَقُلَ سَمْعُهُ: قۇلىقى ئېغىرلىشىپ قالدى.

«فَقَدَ السَّمْعَ فِي حَادِثٍ»: بىر ھادىسىدە قۇلىقى ئاڭلىماس بولۇپ قالدى.

مُرْهِفُ السَّمْعِ: قۇلىقى ئىتتىك.

شَاهِدُ سَمْعٍ: ئاڭلىغۇچى، گۇۋاھچى.

إِسْتَرَقَ السَّمْعَ: ئوغرىلىقچە ئاڭلىدى.

سَمْعًا وَ طَاعَةً: خوپ، ئاڭلىدىم، قۇللۇق، لەببەي.

أُمُّ السَّمْعِ: چوڭ مېڭە.

سُمْعَةٌ: شۆھرەت، نام، ئابروي، ياخشى نام، ئاتاق.

سُمْعَةٌ حَمِيدَةٌ: چىرايلىق نام، ياخشى نام، ياخشى ئاتاق.

حَمِيدُ السُّمْعَةِ: ياخشى نامغا ئىگە.

حَسَنُ السُّمْعَةِ: ياخشى نامغا ئىگە.

سُمْعَةٌ رَدِيئَةٌ: يامان ئاتاق، سېسىق نام، يامان نام.

سُمْعَةٌ حَسَنَةٌ: چىرايلىق نام، ياخشى نام، ياخشى ئاتاق.

رَدِيُّ السُّمْعَةِ: يامان نامى پۇركەتكەن، سېسىق نامى پۇركەتكەن.

سَمْعِيٌّ: ئاڭلاشقا خاس.

عَصَبٌ سَمْعِيٌّ: ئاڭلاش نېرۋىسى.

وَسَائِلُ سَمْعِيَّةٌ و بَصَرِيَّةٌ: ئاڭلاش ۋە كۆرۈش ۋاسىتىلىرى.

سَمْعِيَّاتٌ: جەننەت، دوزاخ ۋە قىيامەتنىڭ ئەھۋاللىرى قاتارلىق ۋەھيى ئارقىلىق بىلگىلى بولىدىغان ئىشلار.

سَمَقَ يَسْمُقُ سَمْقًا و سُمُوقًا: كۆككىلىدى، ئۆستى.

سَمَقَتِ الشَّجَرَةُ: دەرەخ ئۆستى.

سَمَقَ الْبِنَاءُ: بىنا ئېگىزلىدى.

سَمَكَ يَسْمُكُ سَمْكًا و سُمُوكًا الشَّيْءُ: ئۆرلىدى، ئېگىزلىدى.

سَمَكَ الْحَائِطُ: تام ئېگىزلىدى.

سَمَكَ اللّٰهُ السَّمَاءَ: ئاللاھ ئاسماننى ئېگىز قىلدى.

سَمُكَ يَسْمُكُ سَمَاكَةً: كۆتۈرۈلدى، ئېگىزلىدى.

سَمَكَ يَسْمُكُ سَمْكًا الشَّيْءَ: ئېگىزلەتتى، كۆتۈردى.

سَمَكَ الْبَيْتَ: ئۆينى ئېگىزلەتتى.

سَمْكٌ ج سُمُوكٌ: ئېگىزلەتمەك، كۆتۈرمەك؛ قېلىنلىق، ئېگىزلىك.

«أَأَنْتُمْ أَشَدُّ خَلْقًا أَمِ السَّمَاءُ بَنَاهَا رَفَعَ سَمْكَهَا فَسَوَّاهَا» «قرآن»: سىلەرنى يارىتىش مۇشكۇلمۇ؟ ياكى ئاسماننى يارىتىش مۇشكۇلمۇ؟ ئاللاھ ئاسماننى ياراتتى، ئۇنىڭ ئېگىزلىكىنى يۇكسەك قىلدى ۋە كەم - كۈتىسىز قىلدى.

سُمْكٌ: تورۇس؛ قېلىنلىقى، توملۇقى.

«كَمْ سُمْكُ هَذَا اللَّوحِ الْخَشَبِيِّ؟»: بۇ ياغاچ تاختىنىڭ قېلىنلىقى قانچىلىك؟

سَمَكٌ ج أَسْمَاكٌ: بېلىق.

سَمَكٌ بَحْرِيٌّ: دېڭىز بېلىقى.

سَمَكٌ نَهْرِيٌّ: دەريا بېلىقى.

سَمَكُ الثُّعْبَانِ: يىلان بېلىق.

سَمَكٌ مُحَمَّرٌ: ئىسلانغان بېلىق.

سَمَكٌ مَقْلِيٌّ: قورۇلغان بېلىق.

تَرْبِيَةُ السَّمَكِ: بېلىق بېقىش.

سَمَكٌ مَشْوِيٌّ: بېلىق كاۋىپى.

صَيْدُ السَّمَكِ: بېلىق تۇتماق.

اَلسَّمَكُ الذَّهَبِيُّ: ئالتۇن بېلىق.

سَمَكَةٌ ج سَمَكَاتٌ: بىر تال بېلىق.

سَمْكَرِيٌّ ج سَمْكَرِيُّونَ: تۇنىكىساز، تۇنىكىچى، قاڭالتىرچى.

سَمَكِيٌّ: بېلىققا ئائىت، بېلىق تۈرى.

سَمَلَ يَسْمُلُ سَمْلاً الْعَيْنَ: كۆزنى قويۇۋەتتى، كۆزنى چىقىرىۋەتتى، كۆزنى ئويۇۋەتتى.

«عَذَّبَهُ آسِرُوهُ وَسَمَلُوا عَيْنَيْهِ»: ئەسىر ئالغۇچىلار ئۇنى ئازابلىدى ۋە ئىككى كۆزنى ئويۇۋەتتى.

سَمَلَ يَسْمُلُ سُمُولَةً الثَّوْبُ: كىيىم كونىرىدى.

سَمِلٌ ج أَسْمَالٌ: كونا كىيىم، يىرتىق كىيىم.

سَمْلَانُ الْمَاءِ: تۇرغۇن سۇ، ساقىندا سۇ، قالدۇق سۇ، ئېشىپ قالغان سۇ.

سَمَلَةٌ ج سَمَلٌ و أَسْمَالٌ و سِمَالٌ و

سَمُولٌ: قارا لاي، ئېشىپ قالغان سۇ، قالدۇق سۇ.

ثَوْبٌ سَمَلَةٌ: كونا كىيىم، يىرتىق كىيىم.

سَمْلَقٌ ج سَمَالِقُ: گىياھ ئۈنمەس زېمىن، تاقىر يەر، ھېچنەرسە ئۈنمەيدىغان يەر.

سَمَّ يَسُمُّ سَمًّا الرَّجُلَ الْأَفْعَى: يىلان چېقىۋالدى.

سَمَّ الْجُرْحَ: جاراھەت يىرىڭلىدى.

سَمَّ الشَّيْءَ: نەرسىنى سىپىستىۋەتتى، بۇزۇپ قويدى، ياخشىلىدى.

سَمَّهُ الشَّخْصُ: ئۇنىڭغا زەھەر سېلىپ بەردى.

سَمَّ الطَّعَامَ أَوِالشَّرَابَ: تائام ياكى ئىچىملىككە زەھەر سالدى.

سَمٌّ. سِمٌّ. سُمٌّ ج سُمُومٌ وَ سِمَامٌ: زەھەر، زەھەرلىك دورا؛ ئۆڭكۈر، كاما؛ يىڭنىنىڭ تۆشۈكى.

سَمٌّ قَتَّالٌ: ئۆلتۈرىدىغان زەھەر، جاننى ئالىدىغان زەھەر، ئۆتكۈر زەھەر.

سَمٌّ نَوْعِيٌّ: يۇقۇملۇق كېسەلنى قوزغاتقۇچى.

«يَضَعُ السُّمَّ فِي السَّمِّ»: قويرۇق كۆرسىتىپ ئۆپكە ساتىدۇ.

سَمُّ الْخِيَاطِ: يىڭنە تۆشۈكى.

«دخَلَ الْخَيْطُ فِي سَمِّ الْإِبرَةِ»: يىڭنىنىڭ تۆشۈكىگە يىپ كىردى.

اَلسُّمُومُ الْبَيْضَاءُ: خېروئىن ۋە كوكايىنغا ئوخشاش ئاق زەھەر؛ شېكەر ۋە تۇز (چۈنكى ئۇلار كۆپ ئىستېمال قىلىنسا زىيانلىق).

سَمَّاعٌ ج سَمَّاعُونَ: قۇلىقى يۇمشاق؛ نېمە دېسە شۇنىڭغا ئىشىنىپ كېتىدىغان.

«سَمَّاعُونَ لِلْكَذِبِ» «قرآن»: ئۇلار يالغانغا قۇلاق سالىدۇ.

سَمَّاعَةٌ ج سَمَّاعَاتٌ: فونىندوسكوپ، تىڭشىغۇچ (كېسەل ئەھۋالىنى).

سَمَّاعَةُ الْبَابِ: ئىشىك قوڭغۇرىقى، دەرۋازا ھالقىسى.

سَمَّاعَةُ الْمِذْيَاعِ: رادىئو ياكى ئۈنئالغۇنىڭ ياڭراتقۇسى (لاباسى).

سَمَّاعَةُ الْحَاكِي: رادىئو ياكى ئۈنئالغۇنىڭ ياڭراتقۇسى (لاباسى).

سَمَّاعَةُ تِلِفُون: تېلېفون تۇرۇپكىسى.

سَمَّاعَةُ الْهَاتِفِ: تېلېفون تۇرۇپكىسى.

«وَضَعَ سَمَّاعَةَ الْهَاتِفِ مَكَانَهَا»: تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئۆز جايىغا قويۇپ قويدى.

سَمَّاعَةُ فُنُغْرَافٍ: فاتىفون.

سُمَّاقٌ: ساپ، پاكىز، پاك.

سَمَّاكٌ ج سَمَّاكُونَ: بېلىقچى، بېلىق ساتقۇچى.

سُمَّانٌ: بۆدۈنە.

سَمَّانٌ: قايماق ساتقۇچى.

سِمَّانَةُ الرِّجْلِ: پاچاق، بولجۇلۇك گۆش.

سَمَّحَ يُسَمِّحُ تَسْمِيحًا: كەچۈردى، ئەپۇ قىلدى، كەڭچىلىك قىلدى.

سَمَّدَ يُسَمِّدُ تَسْمِيدًا الْأَرْضَ: يەرنى ئوغۇتلىدى، ئوغۇت بەردى.

سَمَّرَ يُسَمِّرُ تَسْمِيرًا الْخَشَبَ: ياغاچنى مىخلىدى.

سَمَّرَ عَيْنَهُ بِهِ: تىكىلىپ قارىدى، قادىلىپ قارىدى.

سَمَّعَ يُسَمِّعُ تَسْمِيعًا ـ هُ كَلَامًا أَوْ مُوسِيقِيَ أَوْ صَوْتًا: سۆز، مۇزىكا ۋە ئاۋاز قاتارلىقلارنى ئاڭلاتتى، تىڭشاتتى.

سَمَّعَ بِهِ: قارا چاپلىدى، تۆھمەت چاپلىدى، ئىناۋىتىنى تۆكتى.

سَمَّعَهُ الْقَصِيدَةَ: قەسىدىنى ئۇنىڭغا يادقا ئوقۇپ بەردى.

سَمَّكَ يُسَمِّكُ تَسْمِيكًا الشَّيْءَ: قېلىنلاتتى.

سَمَّمَ يُسَمِّمُ تَسْمِيمًا ـ هُ: تاماقىغا زەھەر سالدى.

سَمَّمَ الْعَلَاقَاتِ: ئالاقىنى بۇزدى.

سَمَّنَ يُسَمِّنُ تَسْمِينًا: سەمرىتتى.

«سَمَّنَ الْخَرُوفَ لِيَذْبَحَهُ»: پاخلاننى بوغۇزلاش ئۈچۈن سەمرىتتى.

سَمَّنَ الطَّعَامَ: يېمەكلىككە قايماق قوشتى.

سَمِّنْ كَلْبَكَ يَأْكُلْكَ: ئىتىڭ سەمرىسە سېنى چىشلەيدۇ (ۋاپاغا جاپا قىلىدۇ).

سُمَّنٌ: بۆدۈنە.

سُمَّهَى: ئاتموسفېرا.

سَمُّورٌ ج سَمَامِيرُ: قارا بۇلغۇن.

سَمَّى يُسَمِّي تَسْمِيَةً الرَّجُلَ كَذَا أَوْ بِكَذَا: ئىسمىنى ئاتىدى.

«عَيْنًا فِيهَا تُسَمَّى سَلْسَبِيلًا» (قرآن): جەننەتتە سەلسەبىل دەپ ئاتىلىدىغان بۇلاقمۇ بار.

سَمَّى الرَّجُلَ زَيْدًا و بِزَيْدٍ: ئۇنى زەيد دەپ ئاتىدى.

سَمَّى الْكِتَابَ: كىتابقا نام بەردى، ماۋزۇ قويدى.

سَمَّى الرَّجُلُ: «بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ» دېدى.

«نُسَمِّي قَبْلَ تَنَاوُلِ الطَّعَامِ»: تاماق يېيىشتىن بۇرۇن بىسمىللا دەيمىز.

سُمِّيَّاتٌ: زەھەر، ئوغا.

سَمِنَ يَسْمَنُ سِمَنًا وَسَمَانَةً الْحَيَوَانُ: ھايۋان سەمرىدى، سەمرىپ كەتتى.

«لَمْ تَسْمَنِ الْمَاشِيَةُ هَذَا الْعَامَ لِقِلَّةِ الْمَرْعَى»: يايلاقنىڭ ئازلىقىدىن بۇ يىل چارۋىلار سەمرىمىدى.

سَمْنٌ ج أَسْمُنٌ و سُمُونٌ و سُمْنَانٌ: سېرىق ماي.

سَمْنٌ عَرَبِيٌّ: ساپسېرىق ماي.

«هَذَا الطَّعَامُ مَصْنُوعٌ مِنَ الدَّقِيقِ وَالسَّمْنِ»: بۇ تاماق ئۇن ۋە سېرىق مايدىن ياسالغان.

سَمْنٌ نَبَاتِيٌّ: سۈنئىي سېرىق ماي.

سِمَنٌ. سِمْنَةٌ: سەمرىمەك، بوردالماق، ئېغىرلىقى ئاشماق، ئەت ئالماق، ئەت قونماق.

سِمَنٌ مُفْرِطٌ: پور، خام سېمىز.

سَمْنَانٌ: سېمىز.

سَمَنْدَرٌ: ئوت چاشقىنى.

سَمَنْدَلٌ: سۈمرۈغ، ئەنقا.

سَمَهَ يَسْمَهُ سُمُوهًا: ئالاقزادە بولۇپ كەتتى، ئەمتىرەپ كەتتى، ھودۇقتى.

سَمَهَ الْفَرَسُ: ئات بولۇشىغا چاپتى، ئات يۈگۈردى.

سِمْهَاجٌ: يالغان.

سَمْهَرِيٌّ: قاتتىق ياغاچتىن ياسالغان ئىپسىل نەيزە.

قَدٌّ سَمْهَرِيٌّ: غۇنچە بوي، خۇش پىچىم، زىلۋا، بەدەن تۈرقى كېلىشكەن.

سَمُوحَاتٌ: باج كەچۈرۈم قىلىنغان مال.

سَمُوقٌ: موزا دەرىخى.

سُمُوقٌ: ئېگىزلىك.

سَمُولٌ: يىرتىق، كونا.

ثَوْبٌ سَمُولٌ: كونا كىيىم، يىرتىق كىيىم.

سَمُومٌ ج سَمَائِمُ: ئىسسىق شامال.

«فَمَنَّ اللّٰهُ عَلَيْنَا وَ وَقَانَا عَذَابَ السَّمُوْمِ»

‹قۇرئان›: ئاللاھ بىزگە مەرھەمەت قىلدى، بىزنى زەھەرلىك ئازابتىن ساقلىدى.

«وَأَصْحَابُ الشِّمَالِمَا أَصْحَابُ الشِّمَالِ فِيسَمُومٍ وَحَمِيمٍ» ‹قۇرئان›: بەختسىزلەر (يەنى نامە ـ ئەمالى سول تەرەپتىن بېرىلگەنلەر) (دوزىخىيلاردۇر). بەختسىزلەر قانداق ئادەملەر؟ ئۇلار زىيادە هارارەتلىك قايناقسۇنىڭ ئىچىدە بولىدۇ.

سُمُوٌّ: يۈكسەكلىك، ئالىيلىق، ئېگىزلىك، كۆزگە كۆرۈنەرلىك.

«عُرِفَ بِسُمُوِّ أَخْلاَقِهِ» : ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئەخلاقلىقى بىلەن تونۇلغان.

صَاحِبُ السُّمُوِّ: ئالىيلىرى، ھەزرەتلىرى، ئالىيلىرى (شاھزادىغا ھۆرمەتلەپ ئىشلىتىلىدىغان سۆز).

سُمُوُّ الْأَمِيرِ: ھەزرەتلىرى، ئالىيلىرى، جانابلىرى (شاھزادىغا ھۆرمەتلەپ ئىشلىتىلىدىغان سۆز).

سَمُّورٌ ج سَمَامِيرُ: قارا بۆلغۈن.

سَمِيجٌ ج سِمَاجٌ و سَمِجُونَ و سَمْجَاءُ: قەبىھ، قوپال، تولۇق، سەت، كۆرۈمسىز.

سَمِيحٌ ج سُمَحَاءُ: مەرد، كەڭ قورساق، سېخىي، قولى ئوچۇق، قارنى ـ كۆكسى كەڭ.

سَمِيدٌ: ئاق ئۇن، تاسقالغان ئۇن.

سَمَيْدَرٌ: ئوت چاشقىنى.

سَمَيْدَعٌ ج سَمَادِعُ وَسَمَادِعَةٌ: قەھرىمان شەخس، باتۇر، ئەزىمەت، ئوچۇق، خۇشخۇي.

سَمِيذٌ: ئاق ئۇن، تاسقالغان ئۇن.

سَمِيرٌ ج سُمَرَاءُ: كېچىدە مۇڭداشقۇچى، كېچىدە سۆھبەتلەشكۈچى.

«اَلْكِتَابُ خَيْرُ سَمِيرٍ» : كىتاب ئەڭ ياخشى ئۈلپەتتۇر.

اِبْنُ سَمِيرٍ: ئايسىز كېچە.

اِبْنَا سَمِيرٍ: كېچە بىلەن كۈندۈز.

سَمِيطٌ. سَمْيَطٌ سُمَيْطٌ: دۆۋىلەنگەن خىش.

نَعْلٌ سَمِيطٌ: ياماق چۈشمىگەن كەش.

سَمِيطَةٌ ج سَمِيْطَاتٌ: ھالقا شەكىللىك كىچىك بولكا.

سَمِيعٌ ج سُمَعَاءُ: ئاڭلىغۇچى، ئىشىتكۈچى، قۇلاق سالغۇچى.

«إِنَّ رَبِّى لَسَمِيعُ الدُّعَاءِ» ‹قۇرئان› : ھەقىقەتەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىم دۇئانى ئىشىتكۈچىدۇر.

أُمُّ السَّمِيعِ: چولڭ مېڭە.

أُذُنٌ سَمِيعٌ: ئاڭلاپ تۇرغۇچى قۇلاق، تىڭشىغۇچى قۇلاق.

اَلسَّمِيعُ: ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ «ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى ئاللاھ» دېگەن مەنىدە.

سَمِيقٌ: بويۇنتۇرۇق.

سَمِيكٌ: قېلىن، قويۇق؛ پۇختا، چىدامىلىق؛ ئېگىز، چوڭ.

«هَذَا اللِّحَافُ سَمِيكٌ جِدًّا» : بۇ يوتقان ناھايىتى قېلىن.

سُمَيْكَاءُ: كىچىك بېلىق؛ ياغاچ يەيدىغان قۇرت.

سَمِيلٌ: كونا.

ثَوْبٌ سَمِيْلٌ: كونا كىيىم، يىرتىق كىيىم.

سَمِينٌ ج سِمَانٌ: سېمىز، دوغلاق، گۆشلۈك.

رَجُلٌ سَمِينٌ: سېمىز ئادەم.

سَمِيٌّ: ئالىي، يۈكسەك، ئېسىل، ئىسىمداش.

سَمِيُّ الشَّخْصِ: ئىسىمداش.

سَمِيُّ فُلَانٍ: پالانى بىلەن ئىسىمداش.

«لَمْ نَجْعَلْ لَهُ مِنْ قَبْلُ سَمِيًّا» (قرآن) : ئىلگىرى ھېچ ئادەمنى ئۇنىڭغا ئىسىمداش قىلمىدۇق.

سَنَا يَسْنُو سَنْوًا و سَنَاوَةً و سَنَايَةً الْبَرْقُ: چاقماق چاقتى، چاقنىدى، يالتىرىدى؛ كۆتۈرۈلدى.

سَنَا إِلَى الْمَعَالِي: يۇقىرى ئۆرلىدى.

«سَنَا إِلَى مَعَالِي الْأُمُورِ» : يۇكسەك مەرتىۋىلەرگە ئۆرلىدى.

سَنَا السَّحَابُ الْأَرْضَ: بۇلۇت يەرنى سۇغاردى.

سَنَتِ النَّارُ: ئوت يالقۇنى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

سَنَا الْبَابَ: ئىشىكنى ئاچتى.

سَنَتْ دَلْوًا: چېلەكنى قۇدۇقتىن تارتىپ چىقاردى.

سَنًا: يورۇقلۇق، نۇر.

«يَكَادُ سَنَا بَرْقِهِ يَذْهَبُ بِالْأَبْصَارِ» (قرآن) : چاقماقنىڭ يورۇقى ئۇلارنى كۆزلىرىدىن ئايرىۋېتكىلى تاس قالىدۇ.

سَنَا. سَنَا مَكَّةَ: مەككە ساناسى.

سَنَاءٌ: يۇكسەكلىك، ئالىيجانابلىق، ئېسىللىق؛ نۇرلۇق، نۇر، يورۇقلۇق.

سِنَاجٌ: قورۇم، قازان كۆيۈسى، ماي كۆيۈكى، بۇس، ئىس.

سَنَاخَةٌ: سېسىق پۇراق؛ كىر.

سَنَامُ الْجَمَلِ ج أَسْنِمَةٌ: تۆگىنىڭ لوككىسى.

سَنَامُ الشَّيْءِ: نەرسىنىڭ يۇقىرى قىسمى.

سِنَانٌ ج أَسِنَّةٌ: نەيزە.

«طَعَنَهُ بِالسِّنَانِ» : ئۇنىڭغا نەيزە سانجىدى.

سُنْبُكٌ ج سَنَابِكُ: تۇياق؛ ھەر نەرسىنىڭ ئاۋۋىلى، دەسلىپى؛ يامغۇرنىڭ دەسلىپى.

سَنْبَلَ يُسَنْبِلُ سَنْبَلَةً الزَّرْعُ: باش چىقاردى، باش تارتتى.

سُنْبُلٌ. سُنْبُلَةٌ ج سَنَابِلُ و سُنْبُلَاتٌ: باشاق، باش.

«مَثَلُ الَّذِينَ يُنْفِقُونَ أَمْوَالَهُمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ كَمَثَلِ حَبَّةٍ أَنْبَتَتْ سَبْعَ سَنَابِلَ فِي كُلِّ سُنْبُلَةٍ مِائَةُ حَبَّةٍ» (قرآن) : ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل-مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ (سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر بىر باشىقىدا 100 دان تۇتقان بىر دانغا ئوخشايدۇ.

سُنْبُلُ خُزَامٍ: شەرق نەرگىز گۈلى.

سُنْبُلٌ هِنْدِيٌّ: نەفىز گۈل.

سُنْبُلٌ بَرِّيٌّ: ياۋايى كوركۇم گۈلى.

اَلسُّنْبُلَةُ: (ئاسترونومىيىدىكى ئون ئىككى سۇنبۇلە بۇرجىنىڭ بىرى).

سُنْبُلِيٌّ: باشاق شەكلىدە.

سُنْبُوقٌ ج سَنَابِيقُ: قېيىق، قولۋاق.

سُنْبُوكٌ ج سَنَابِيكُ: قولۋاق، قېيىق.

سَنِتٌ: ئېچىملىغان يەر، بوز يەر؛ نامرات، كەمبەغەل، يوقسۇل.

سَنَةٌ ج سِنُونَ و سَنَوَاتٌ و سَنَهَاتٌ: يىل؛ ياش.

سَنَةً بَعْدَ سَنَةٍ: يىلمۇ يىل، ھەر يىلى.

سَنَةً بَعْدَ أُخْرَى: يىلدىن - يىلغا.

سَنَةٌ دِرَاسِيَّةٌ: ئوقۇش يىلى.

سَنَةٌ شَمْسِيَّةٌ: شەمسىيە يىلى (بۇ يىل ھېسابىدا بىر يىل 365 كۈن بەش سائەت 48 مىنۇت 46 سېكۇنت بولىدۇ).

سَنَةٌ قَمَرِيَّةٌ: قەمەرىيە يىلى (بۇ يىل ھېسابىدا بىر يىل 354 كۈن 8 سائەت بولىدۇ).

سَنَةٌ كَبِيسَةٌ: كەبىسە يىلى.

سَنَةٌ مَالِيَّةٌ: مالىيە يىلى.

سَنَةٌ مِيلَادِيَّةٌ: مىلادى يىلى، مىلادىيە.

سَنَةٌ هِجْرِيَّةٌ: ھىجرىيە يىلى، ھىجرىيە.

يَوْمُ رَأْسِ السَّنَةِ: يېڭى يىل كۈنى، يېڭى يىلنىڭ 1 - كۈنى.

سَنَجَ يَسْنُجُ سَنْجًا: بويىدى.

سِنْجَابٌ ج سَنَاجِيبُ: تىيىن.

سَنْجَةٌ: گانتېل؛ گىر (ئىككى ئۇچىغا چوڭ يۇمىلاق چۆيۈن ئورنىتىلغان گىمناستىكا ئەسۋابى).

سَنْجَةٌ ج سَنَجَاتٌ و سِنَجٌ: ئالا - بۆلىماچ.

سَنْجَقٌ ج سَنَاجِقُ: تۇغ، بايراق، ھەربىي بايراق.

سَنَحَ يَسْنَحُ سُنْحًا و سُنُوحًا الْأَمْرُ: يادىغا كەلدى، خىيالىغا كەلدى، ئەسلىدى.

سَنَحَ الشَّيْءُ: ئۇچىدىن كەلدى، قولاي بولدى.

سَنَحَ الطَّائِرُ: قۇش كۆزگۈچىنىڭ سول تەرىپىدىن ئوڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى.

سَنَحَهُ عَنْ رَأْيِهِ: نەسىھەت قىلىپ پىكرىدىن ياندۇردى، نەسىھەت قىلىپ توختاتتى، پەند - نەسىھەت قىلدى.

سَنَحَتِ الْفُرْصَةُ: پۇرسەت يار بەردى، پۇرسەت كەلدى.

عِنْدَمَا تَسْنَحُ الْفُرْصَةُ: پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندە.

«سَأَزُورُكَ فِي بَيْتِكَ إِذَا سَنَحَتْ لِيَ الْفُرْصَةُ»: ئەگەر پۇرسەت بولسا مەن سېنى ئۆيۈڭگە يوقلاپ بارىمەن.

سَنَحَ الشِّعْرُ: شېئىر ئوڭاي بولدى، شېئىر قولاي بولدى.

سُنْحٌ: بەرىكەت؛ يولنىڭ ئوتتۇرىسى.

سَنْحْنَجٌ: كېچىسى ئۇخلىمايدىغان ئادەم.

سَنِخَ يَسْنَخُ سَنَخًا وَ سَنَاخَةً الدُّهْنُ: ياغ پۇراپ قالدى، سۈپىتى ئۆزگىرىپ قالدى.

سَنَخَ يَسْنَخُ سُنُوخًا: پۇختا بولدى، كامالەتكە يەتتى، قەدىر - قىممىتى يۇقىرى بولدى.

سِنْخٌ ج أَسْنَاخٌ وَسُنُوخٌ: ئەسلى.

سِنْخُ السِّنِّ: چىش مىلىكى.

سَنِخٌ م سَنِخَةٌ: پۇراپ قالغان ماي.

سَنِخٌ: سېسىق پۇراق.

سَنْخٌ ج أَسْنَاخٌ: تۆپ - يىلتىز.

سَنَدَ يَسْنُدُ سُنُودًا إِلَيْهِ: يۆلەندى، تاياندى، ئاساسلاندى.

«أَحَسَّ بِالتَّعَبِ فَسَنَدَ إِلَى الْحَائِطِ»: ھېرىپ كېتىپ تامغا يۆلىنىۋالدى.

«كَانَ الْعَمُودُ يَقَعُ فَسَنَدْتُهُ»: تۈۋرۈك يىقىلىپ چۈشەي دەپ قالغان ئىكەن، مەن ئۇنى يۆلەپ قويدۇم.

سَنَدٌ لِلْأَرْبَعِينَ: قىرىقتا يېقىنلاشتى.

سَنَدٌ ج أَسْنَادٌ: تۈۋرۈك، تىرەك؛ يۆلەنچۈك، قوللىغۇچى، ھىمايە قىلغۇچى، تايانچ؛ ئاياغ، كەش، قوغدىغۇچى، ھىمات.

«لَيْسَ لَهُ سَنَدٌ يَعْتَمِدُ عَلَيْهِ»: ئۇنىڭ يۆلىنىدىغان يۆلەنچۈكى يوق.

سَنَدٌ ج سَنَدَاتٌ: ھۆججەت؛ قەرز ھۆججىتى؛ بورچ، ۋەزىپە، مەسئۇلىيەت.

سَنَدُ إِسْعَافٍ: پۇل - مۇئامىلە چېكى.

سَنَدٌ بَسِيطٌ: قەرز ھۆججىتى.

سَنَدٌ إِذْنِيٌّ: قەرز ھۆججىتى.

سَنَدَاتٌ مَالِيَّةٌ: قىممەتكە ئىگە بېلەت، باھالىق بېلەت.

سَنَدَاتٌ حُكُومَةٍ: زايوم بېلىتى.

سَنَدٌ ج أَسَانِيدُ: (سەنەد، ئىسنادلار ھەدىس رىۋايەت قىلىشتىكى ئاساس)؛ ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلار.

سَنْدَالٌ ج سَنَادِيلُ: سەندەل.

سَنْدَانٌ ج سَنَادِينُ: سەندەل.

سَنْدَرَةٌ: بالىخانا، مەنزەر ئۆيى؛ ئوق ئىشلىنىدىغان بىر خىل دەرەخ.

سَنْدَرِيٌّ: جۈرئەتلىك، يۈرەكلىك؛ جام كۆزلۈك، يوغان كۆزلۈك.

سُنْدُسٌ: ئەتلەس (ئەستەر قىلىدىغان) نېپىز يىپەك رەخت.

«وَيَلْبَسُونَ ثِيَابًا خُضْرًا مِنْ سُنْدُسٍ وَإِسْتَبْرَقٍ» «قۇرئان»: ئۇلار نېپىز ۋە قېلىن يىپەكلەردىن تىكىلگەن يېشىل كىيىملەرنى كىيىدۇ.

بِسَاطُ الْأَرْضِ السُّنْدُسِيُّ: زېمىننىڭ يېشىل پاياندىزى.

سَنْدَلٌ ج سَنَادِلُ: ئات؛ ھىندىستاندا ياشايدىغان بىر خىل قۇش بولۇپ ئوتتا كۆيمەيدۇ دېيىلىدۇ.

سَنْطٌ: ئەرەب يىلىمى.

خَشَبُ السَّنْطِ: ئەرەب يىلىمى دەرىخىنىڭ ياغىچى.

سِنْطٌ: بېغىش، قولنىڭ بېغىشى.

سَنْطَاوِيٌّ: سەنتاۋى (قوغۇشۇننىڭ بىر خىلى).

سَنْطَةٌ: سۆكەل.

سَنْطَلَةٌ: ئۇزۇنلۇق.

سَنْطُورٌ: چالغۇ (سەككىز تارلىق چالغۇ)

سِنْطِيرٌ: چالغۇ (قەدىمكى دەۋردىكى سەككىز تارلىق چالغۇ).

سَنَعَ يَسْنَعُ و سَنُعَ يَسْنُعُ سَنَاعَةً و سُنُوعًا: نازۇك بولدى، ئەۋرىشىم بولدى، چىرايلىق بولدى، گۈزەل بولدى.

سَنْعٌ ج أَسْنَاعٌ وَسِنْعَةٌ: بېغىش.

سَنْفَرَةٌ: ئالماس، بىلىيارت.

وَرَقُ السَّنْفَرَةِ: قۇم قەغەز.

سِنْكَةٌ: نەيزە.

سَنْكَرَ يُسَنْكِرُ سَنْكَرَةً الْبَابَ: ئىشىكنى قۇلۇپلىدى.

سَنِمَ يَسْنَمُ سَنَمًا الْبَعِيرُ: تۆگىنىڭ لوككىسى يوغىنىدى، لوككىسى چوڭايدى.

سَنِمَ الشَّيْءُ: زېمىندىن يۇقىرىلىدى.

سِنِمَّارٌ: ئاي؛ كېچىسى ئۇخلىمايدىغان ئادەم؛ ئوغرى.

جُوزِيَ جَزَاءَ سِنِمَّارٍ: ياخشىلىققا يامانلىق قىلدى، ۋاپاسىزلىق قىلدى، ۋاپاغا جاپا قىلدى، تۇزىنى يەپ تۇزلۇقىنى چاقتى، ئاش بەرگەنگە مۇشت بەردى.

سَنَمُورَةٌ: ساردىنا بېلىقى.

سَنَّ يَسُنُّ سَنًّا السِّكِّينَ: پىچاقنى بىلىدى، چاقلىدى، ئىتتىك قىلدى.

«إِنِّي سَنَنْتُ أَمْوَاسِي عَلَى الْحَجَرِ قَبْلَ أَنْ أَجِيءَ»: كېلىشتىن بۇرۇن ئۇستۇرىلىرىمنى تاشقا بىلىدىم.

سَنَّ عَيْنَيْهِ: سىنچىلاپ قارىدى، تىكىلىپ قارىدى.

سَنَّ سُنَّةً: تەرتىپ ئورناتتى، قانۇن تۈزدى، قانۇن ئورناتتى.

سَنَّ قَانُونًا: قانۇن تۈزدى.

سَنَّ الْأَسْنَانَ: چىشنى چوتكىلىدى، چىشنى يۇدى، چىشنى تازىلىدى، چىشنى مىسۋاكلىدى.

سَنَّ الْإِبِلَ: تۆگىنى ئىتتىك ھەيدىدى، تۆگىنى تېز ھەيدىدى.

سَنَّ الرُّجْلَ: نەيزە سانجىدى، نەيزە تىقتى.

سَنَّ أَمْرًا: ئىش باشلىدى، ئەڭ دەسلىپىدە بىرەر ئىشنى قىلدى، كېيىن كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قىلدى.

سَنَّ الطَّرِيقَ: يولنى تۈزىدى، يولنى تەكشىلىدى.

سَنَّ الطِّينَ: ساپال قاچا ياسىدى، ساپال بۇيۇملارنى ياسىدى، كۇلالچىلىق قىلدى.

سَنَّ الْمَاءَ أَوِالتُّرَابَ: سۇ ياكى توپىنى تۆكتى، كۆمتۈرۈپ تۆكتى، كۆمتۈردى.

سَنَّ الْكَلَامَ: سۆزنى بېزىدى.

سَنٌّ: بىلىمەك، ئىتتىكلەتمەك، چاقلىماق.

سِنٌّ ج أَسْنَانٌ وَأَسِنَّةٌ وَأَسُنٌّ: چىش؛ ياش، ياش قۇرام.

سِنٌّ طَاحِنٌ: ئېزىق چىش.

سِنٌّ قَاطِعٌ: ئۇدۇل چىش.

سِنُّ الْفِيلِ: پىل چىشى.

سِنُّ الثُّعْبَانِ: يىلاننىڭ زەھەرلىك چىشى.

سِنُّ اللَّبَنِ: سۈت چىشى.

حَدِيثُ السِّنِّ: يېشى كىچىك، گۆدەك.

سِنُّ الرُّشْدِ: بالاغەت يېشى، قۇرامىغا يېتىش يېشى.

بَلَغَ سِنَّ الرُّشْدِ: بالاغەتكە يەتتى، ياش قۇرامىغا يەتتى.

كَبِيرُ السِّنِّ: يېشى چوڭ، ياشانغان، قېرىغان.

طَاعِنٌ فِي السِّنِّ: ياشىنىپ قالغان، قېرىپ قالغان.

تَقَدَّمَتْ بِهِ السِّنُّ: ياشىنىپ قالدى.

سِنُّ الْيَأْسِ: ھەيز توختاش يېشى.

سِنُّ التَّقَاعُدِ: پېنسىيە يېشى.

سِنُّ اللَّوْلَبِ: بۇرما مىخنىڭ سىزىقچىلىرى.

سِنُّ الْقَلَمِ: قەلەمنىڭ ئۇچى.

سِنُّ الدُّولَابِ: چاقنىڭ چىشى.

سِنُّ الْمِحْرَاثِ: ساپان چىشى، بوقۇسا چىشى.

وَجَعُ السِّنِّ: چىش ئاغرىقى.

اَلسِّنُّ بِالسِّنِّ: چىشقا چىش (قانغا قان ياكى جانغا جان).

عَقْمُ السِّنِّ: ھەممىسى قاپلانغان چىش.

فُرْشَةُ أَسْنَانٍ: چىش چوتكىسى.

مَسْحُوقُ الْأَسْنَانِ: چىش پاراشوكى.

مَعْجُونُ الْأَسْنَانِ: چىش پاستىسى.

«هُمْ كَأَسْنَانِ الْمُشْطِ» : ئۇلار باباراۋەر.

طَبِيبُ أَسْنَانٍ: چىش دوختۇرى.

أَسْنَانُ الْمُشْطِ: تاغاق چىشلىرى.

أَسْنَانُ الْمِنْشَارِ: ھەرە چىشلىرى.

سَنَنٌ: يول، چوڭ يول.

«صُنِعَتْ هَذِهِ السَّيَّارَاتُ عَلَى سَنَنٍ وَاحِدٍ» : بۇ ماشىنىلار بىر خىل قېلىپتا ياسالدى.

سَنَّارَةٌ ج سَنَانِيرُ وَسَنَّارَاتٌ: قارماق، تور.

سَنَّانُ السَّكَاكِينِ: پىچاق بىلىگۈچىلەر.

سُنَّةٌ ج سُنَنٌ: سۈننەت (شەرىئەتتە پەرز ياكى ۋاجىبنىڭ سىرتىدا قىلسا ياخشى ھېسابلىنىدىغان ئىش) يول؛ شەرىئەت، رەسۇللاھنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى.

«يَتَّبِعُونَ سُنَّةَ آبَائِهِمْ» : ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ يولىغا ئەگىشىدۇ.

«وَلَنْ تَجِدَ لِسُنَّةِ اللّٰهِ تَبْدِيلًا» «قرآن» : ئاللاھنىڭ يولىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن.

أَهْلُ السُّنَّةِ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بويىچە ئىش قىلغۇچىلار ئەھلى سۈننەت (ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلىلەرنىڭ خەلىپىلىكىنى ئېتىراپ قىلغۇچىلار).

سُنَّةُ اللّٰهِ: ئاللاھنىڭ ھۆكمى.

سُنَّةُ النَّبِيِّ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ياكى ئىش ھەرىكىتى ۋە ياكى مەلۇم بىر ئىش ھەرىكەتكە بىلدۈرگەن ئىپادىسى.

سُنَّةُ الطَّبِيعَةِ: تەبىئەتنىڭ قانۇنى.

سِنَّةٌ ج سِنَنٌ: ئىككى بىسلىق پالتا، ئۇرۇش پالتىسى، ساپان چىشى؛ بىر تال سامساق.

سَنَّجَ يُسَنِّجُ تَسْنِيجًا الثَّوْبَ: كىيىمنى ئۆلچىدى، كىيىمنى كەستى.

سَنَّحَ يُسَنِّحُ تَسْنِيحًا لَهُ: كەڭچىلىك قىلدى، ئەپۇ قىلدى، كەچۈردى.

سَنَّحَ عَنِ الْأَمْرِ: كۆندى، سەۋرى ـ تاقەت قىلدى، كۆنۈپ قالدى.

سَنَّحَ عَنْهُ: كارى بولمىدى، پىسەنت قىلدى.

سَنَّدَ يُسَنِّدُ تَسْنِيدًا: يۆلىدى، ياردەم بەردى، تۇتۇپ تۇردى (يۆلەپ تۇردى).

سَنَّنَ يُسَنِّنُ تَسْنِينًا السِّكِّينَ: پىچاقنى بىلىدى، ئىتتىكلەتتى.

سَنَّنَ الْوَلَدُ: بالىغا چىش چىقتى.

سَنَّنَهُ: ئۆمرىنى ئۆلچەرلىدى.

«يُسَنِّنُ طَبِيبٌ مُخْتَصٌّ مَنْ لَيْسَ لَدَيْهِ شَهَادَةُ مِيلَادٍ» : تۇغۇلغان ۋاقتىنىڭ ئىسپاتى بولمىغان كىشىنىڭ يېشىنى مەخسۇس دوختۇر ئۆلچەرلەيدۇ.

سَنَّنَ الْقَوْلَ: سۆزنى تۈزەتتى.

سَنَّنَ الرُّمْحَ: نەيزىگە تىغ بېكىتتى، چىش بېكىتتى.

سَنُّوتٌ: پىشلاق، ئېرىمچىك؛ ھەسەل؛ خورما. خورما دەرىخى.

سِنَّوْرٌ ج سَنَانِيرُ: مۈشۈك.

سُنَّيْقٌ ج سُنَيْقَاتٌ و سَنَانِيقُ: ئاقارتىلغان ئۆي؛ ئاپئاق يۇلتۇز.

سُنِّيٌّ: سۈننى مەزھىپىدىكى ئادەم.

سَنِهَ يَسْنَهُ سَنْهًا الطَّعَامُ أَوِ الشَّرَابُ: تاماق ياكى شاراب ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇزۇلۇپ قالدى، كونىراپ قالدى.

سَنِهٌ م سَنْهَاءُ: كونىرىغان تاماق، ۋاقتى ئۆتكەن تاماق، بۇزۇلغان تاماق.

اَلسَّنُوسِيَّةُ: سەنوسىيە مەزھىپى، بىر خىل تەسەۋۋۇ-

ۋوپ مەزھىپى.

اَلطَّرِيقَةُ السَّنُوسِيَّةُ: سەنوسىيە تەرىقىتى.

سُنُونُو. سُنُونَةٌ وَسُنُونِيَّةٌ: قارلىغاچ.

سَنَوِيٌّ: يىللىق.

سَنَوِيًّا: يىل بويىچە، ھەر يىلى، يىلمۇ يىل، يىلدىن ـ يىلغا.

سَنَّى يَسْنِي سَنْيًا الْبَابَ: ئىشىكنى ئاچتى.

سَنَّى الْعُقْدَةَ: تۈگۈننى يەشتى.

سَنِيَ يَسْنَى سَنَاءً وَسَنًا: يۇقىرى مەرتىۋىلىك بولدى.

سَنِيتٌ: قۇرغاقچىلىق يىل؛ قۇرغاق يەر؛ كەمبەغەل.

سَنِيحٌ ج سُنُحٌ: مەرۋايىت، زىبۇ زىننەت، ئۇنچە ـ مەرۋايىت.

سَنِيعٌ ج سَنِيعَةٌ: نازۇك، نازاكەتلىك، ئەۋرىشىم، چىرايلىق، يۇمشاق، يۇمران.

سَنِيقٌ ج سُنُقٌ وَ أَسْنِقَةٌ: سىلىنجىنىڭ چۆرىسى؛ تۆگىنىڭ چومى.

سَنِيقٌ: كالا؛ كەجلەنگەن ئۆي.

سُنَيْقٌ ج سَنَانِيقُ: كەجلەنگەن ئۆي؛ يورۇق يۇلتۇز.

سَنِيمٌ: قەدىر ـ قىممىتى يۇقىرى، مەرتىۋىلىك.

سَنِيٌّ م سَنِيَّةٌ: پارلاق، نۇرلۇق، شانلىق، مەرتىۋىلىك.

«بَلَغَ مَرْتَبَةً سَنِيَّةً»: يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشتى.

سَهَا يَسْهُو سَهْوًا وَ سُهُوًّا عَنْهُ: غاپىل بولدى، ئۇنتۇتتى، ئۇنتۇپ قالدى، ئېسىدىن چىقىپ كەتتى.

سَهَا يَسْهُو سَهْوًا وَ سُهُوًّا عَنْهُ: غاپىل بولدى، ئۇنتۇتتى، ئۇنتۇپ قالدى، ئېسىدىن چىقىپ كەتتى.

«سَهَوْتُ عَنْ مَوْعِدِ الْقِطَارِ فَفَاتَنِي»: پويىزنىڭ ماڭىدىغان ۋاقتى يادىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۈلگۈرەلمىدىم.

سَهَا إِلَيْهِ: زەن قويۇپ قارىدى، سىنچىلاپ قارىدى، دىققەت بىلەن قارىدى.

اَلسُّهَا: كىچىك ئېيىق يۇلتۇزلار تۈركۈمىدىكى 3 ـ دەرىجىلىك يۇلتۇز.

سُهَادٌ: ئۇيقۇسىزلىق، بىدارلىق، ئۇخلىيالماسلىق.

«يُعَانِي كُلَّ لَيْلَةٍ مِنَ السُّهَادِ»: ھەر كېچە ئۇيقۇسى قېچىپ ئۇخلىيالمايدۇ.

سُهَارٌ: بىدارلىق، ئۇيقۇسى كەلمەسلىك.

سُهَاقٌ: دىئابىت كېسىلى، شېكەر سىيىش كېسىلى.

سَهَامٌ: ياداڭغۇلۇق، ئورۇقلۇق، ئاجىزلىق؛ ئىسسىق شامالنىڭ ھاراريتى، يازنىڭ تومۇزى؛ تۆگىدە بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك.

سُهَامٌ: ياداڭغۇلۇق، ئاجىزلىق؛ تۆگىلەردە بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك.

شَرِكَةٌ سَهَامِيَّةٌ: ھەسسىدارلىق شىركىتى.

سَهَبَ يَسْهَبُ سَهْبًا الشَّيْءَ: ئالدى.

سَهْبٌ: جاڭگال، بىنام، چۆل.

سَهُبَ يَسْهُبُ سُهْبٌ ج سُهُوبٌ: كەڭ تۈزلەڭلىك، كەڭ دالا.

سُهْبَةٌ ج سِهَابٌ: چوڭقۇر (قۇدۇق).

سَهَجَ يَسْهَجُ سُهُوجًا الرِّيحُ: شامال قاتتىق چىقتى.

سَهَجَ الشَّيْءَ: قاتتىق سوقتى.

سَهَجَ لَيْلَتَهُ: ئۇززۇلدۇرمەي ماڭدى، كېچىچە ماڭدى.

سَهِدَ يَسْهَدُ سُهْدًا و سُهَادًا: ئۇيقۇسى قاچتى، بىدار بولدى، ئۇخلىيالمىدى.

سُهْدٌ. سُهُدٌ: ئۇيقۇسىزلىق، بىدارلىق، ئۇخلىيالماسلىق.

سَهِرَ يَسْهَرُ سَهَرًا: تۈنىدى، كېچىنى بىدارلىق بىلەن ئۆتكۈزدى، تۈنەپ كىرپىك قاقمىدى.

سَهِرَ اللَّيَالِي: كېچىلەرنى ئۇخلىماي ئۆتكۈزدى، كېچىلەردە تۈنىدى.

«مَنْ طَلَبَ الْعُلَى سَهِرَ اللَّيَالِي»: كىم يۇقىرىلىقنى تىلەيدىكەن، ئۇ كېچىلەردە ئۇخلىماي بىدار ئۆتكۈزىدۇ.

«يَنَامُ فِي النَّهَارِ فَيَسْهَرُ فِي اللَّيْلِ»: كۈندۈزى

ئۇخلاپ، كېچىسى بىدار بولىدۇ.

سَهِرَ عَلَيْهِ: كۆزەتتى، نازارەت قىلدى، پايلىدى، مارىلىدى.

سَهِرَ عَلَى الْأَمْنِ الْعَامِّ: جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلىدى.

سَهِرَ عِنْدَهُ: ئۇنىڭ يېنىدا كېچىنى بىدار ئۆتكۈزدى، تۈنىدى.

سَهِرَ الْبَرْقُ: چاقماق يورىدى.

سَهَرٌ: كېچىدە ئۇخلىيالماسلىق، كېچىدە ئۇخلىيالماي تاڭ ئاتقۇزۇش، تۈنىمەك.

كَثِيرُ السَّهَرِ: تاڭ ئاتقىچە ئۇخلىمايدىغان ئادەم، كېچىنى بىدار ئۆتكۈزىدىغان ئادەم.

سَهْرَانٌ: ئۇخلىماي تاڭ ئاتقۇزغۇچى، تۈنىگۈچى.

سَهْرَةٌ ج سَهَرَاتٌ: كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى، كەچلىك بەزمە، ئولتۇرۇش.

سَهْرَةٌ رَاقِصَةٌ: تانسا كېچىلىكى، ئۇسسۇل كېچىلىكى.

لِبَاسُ السَّهْرَةِ: كەچلىك مۇراسىم كىيىمى.

سَهَقَ يَسْهَقُ سَهْقًا الْقَتِيلُ: ئۆلتۈرۈلگۈچى جان تالاشتى.

سَهَقَ يَسْهَقُ سَهْقًا وَسُهَاقًا و سَهِيقًا الذِّئْبُ: ئېيىق هۆركۈرىدى، ئېيىق هۆۋلىدى.

سَهِقَ يَسْهَقُ سَهَقًا: قاتتىق ئۇسساپ كەتتى، چاڭقاپ كەتتى؛ هالاك بولدى.

سَهْقٌ: بېلىق قاسىرقى.

سَهَكَ يَسْهَكُ سَهْكًا الرِّيحُ: قاتتىق بوران چىقتى.

سَهَكَتِ الرِّيحُ التُّرَابَ: بوران توپا توزۇتتى، بوران چاڭ ـ توزان كۆتۈردى.

سَهَكَ يَسْهَكُ سُهُوكًا الدَّابَّةُ: ئۇلاغ ئاستا يۈگۈردى، سوكۇلداپ ماڭدى، ئوڭ ـ سول تەرەپكە قاتريدى.

سَهِكَ يَسْهَكُ سَهَكًا اللَّحْمُ: گۆش پۇراپ قالدى.

سَهِكَ الشَّخْصُ: سېسىق تەر چىقتى، سېسىق تەرلىدى.

سَهَكٌ . سُهْكَةٌ : بېلىق گۆشى قاتارلىقلارنىڭ سېسىق پۇرىقى.

سَهَكٌ: سېسىق پۇراق.

سَهْكَةٌ: سېسىق پۇراق.

سَهُلَ يَسْهُلُ سُهُولَةً و سَهَالَةً الْأَمْرُ: ئىش ئاسانلاشتى، يەڭگىللەشتى، قولاي بولدى، قولايلاشتى.

«سَهُلَ التَّعَامُلُ مَعَهُ بَعْدَ أَنْ إِزْدَادَتْ مَعْرِفَتُنَا بِهِ» : ئۇنىڭ بىلەن ياخشى تونۇشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇئامىلىمىز ئاسانلاشتى.

«بَيْتِي بِجَانِبِ السُّوقِ لِذَلِكَ يَسْهُلُ عَلَى شِرَاءِ الْحَاجَاتِ» : ئۆيۈم بازارنىڭ يېنىدا، شۇڭا ماڭا نەرسە سېتىۋېلىش ئاسان.

سَهُلَ الطَّرِيقُ: يول تۈز بولدى، تەكشى بولدى.

سَهْلٌ ج سُهُولٌ و سُهُولَةٌ: ئوڭاي، ئاسان، ئاددى، قولاي.

سَهْلُ الْإِسْتِعْمَالِ: ئىشلىتىش ئاسان، ئىستېمال قىلىش قولاي.

سَهْلُ الْهَضْمِ: ئاسان سىڭىدىغان، ئاسان هەزىم بولىدىغان، سىڭىشلىق.

«دَرْسُنَا الْيَوْمَ سَهْلٌ» : بۈگۈنكى دەرسىمىز ئاسان.

«لَا تَحْسَبْ نَيْلَ الْعُلَى سَهْلًا» : يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشىشنى ئاسان چاغلىما.

«تَرَاجَعَ الثُّوَّارُ مِنَ السَّهْلِ إِلَى الْجِبَالِ» : قوزغىلاڭچىلار تۈزلەڭلىكتىن تاغقا چېكىندى.

سَهْلُ الْجَانِبِ: مېهرى ئىسسىق، ئىللىق، مۇلايىم، دىلى يۇمشاق، مېهرىبان، كۆيۈمچان؛ خۇش پېئىل.

سَهْلٌ: ئاسان، قولاي، ئوڭاي.

نَهْرُ سَهْلٌ: قۇملۇق ئۆستەڭ.

عُمْلَةٌ سَهْلَةُ التَّدَاوُلِ : قەغەز پۇل.

سَهَمَ يَسْهَمُ وَسَهُمَ يَسْهُمُ سُهُومَةً و سُهُومًا: تاتىرىپ كەتتى، سارغىيىپ كەتتى.

سَهَمَ وَجْهُهُ: قاپىقى تۈرۈلدى.

سَهْمٌ ج سِهَامٌ: ئوقيا ئوقى.

سَهْمٌ يَدَوِيٌّ: نەيزە.

سَهْمٌ ج أَسْهُمٌ: نىسىۋە، ئۈلۈش، ھەسسە، پاي.

«اِشْتَرَيْتُ مِائَةَ سَهْمٍ فِي هَذِهِ الشَّرِكَةِ بَعْدَ أَنْ بِعْتُ أَسْهُمِي فِي الشَّرِكَةِ الْأُخْرَى» : باشقا بىر شىركەتتىكى پايلىرىمنى سېتىۋەتكەندىن كېيىن بۇ شىركەتتىن يۈز پاي سېتىۋالدىم.

سَهْمٌ رَامِيٌّ: لاتارىيە بىلىتى.

سَهْمُ الرَّامِي: قەۋس يۇلتۇز تۈركۈمى.

سَهْمٌ نَارِيٌّ: راكېتا، سىگنال ئوقى، بەلگە ئوق.

سَهْمِيٌّ: يا ئوقىدەك، يادىن چىققان ئوقتەك.

سُهْمٌ: قاتتىق ئىسسىق، يۇقىرى تېمپېراتۇرا؛ دانا-لار.

سَهَّارَةٌ ج سَهَّارَاتٌ: كېچىسى يېپىنىقلىق ھالەتتە تۇرىدىغان كىچىك لامپۇچكا.

سَهَّارِيٌّ: كېچىچە ئىچىلىدىغان قەھۋەخانا.

سَهَّدَ يُسَهِّدُ تَسْهِيدًا ـ هُ: ئۇيقۇسىنى قاچۇردى، بىدار قىلدى.

«سَهَّدَهُ الْخَوْفُ فَلَمْ تَغْمَضْ لَهُ عَيْنٌ» : قورقۇنچتىن ئۇنىڭ ئۇيقۇسى قېچىپ كۆزى يۇمۇلمىدى.

سَهَّرَ يُسَهِّرُ تَسْهِيرًا: ئۇخلاتمىدى، ئۇخلىغىلى قويمىدى.

سَهَّلَ يُسَهِّلُ تَسْهِيلاً الشَّيْءَ: ئاسانلاشتۇردى، قولايلاشتۇردى.

سَهَّلَ الْمَوْضِعَ: ئورۇننى تەكشىلىدى، تۈزلىدى.

«شَرْحُ بَعْضِ الْكَلِمَاتِ الصَّعْبَةِ فِي هَذِهِ الْفِقْرَةِ يُسَهِّلُ فَهْمَهَا» : بۇ ئابزاستىكى بەزى قىيىن سۆزلەرنىڭ يەشمىسى ئۇلارنى چۈشىنىشنى ئاسانلاشتۇرىدۇ.

سَهَّى يُسَهِّي تَسْهِيَةً عَنِ الشَّيْءِ: غەپلەتتە قالدۇر-دى، ئۇنتۇلدۇردى.

«سَهَّانِي حَدِيثُكَ عَنْ مَوْعِدِي» : سىنىڭ پارد-ڭىڭ ۋەدىلىشىپ قويغان ئىشىمىزنى ئۇنۇتتۇ-رۇپتۇ.

سَهْوٌ ج سِهَاءٌ: ئۇنتۇش، سەۋەنلىك، دىققەتسىزلىك، بىپەرۋالىق.

«سَقَطَتْ هَذِهِ الْكَلِمَةُ مِنَ الرِّسَالَةِ سَهْوًا» : بۇ سۆز دىققەتسىزلىكتىن خەتتىن چۈشۈپ قاپتۇ.

سَهْوًا: سەۋەنلىكتىن، سەل قارىغانلىقتىن، دىققەتسىزلىكتىن، ئېھتىياتسىزلىقتىن.

سَهْوٌ: كېچىنىڭ بىر بۆلۈكى.

سَهْوَاءُ: كېچىنىڭ بىر بۆلۈكى.

سَهْوَانٌ: سەۋەنلىك قىلغۇچى، سەل قارىغۇچى، غەپلەتتە قالغۇچى، دىققەتسىز، بىپەرۋا، پەلە-پەتىش.

سَهْوَةٌ ج سِهَاءٌ: روجەك، تام جازىسى، تەكچە.

سَهُوجٌ: بوران.

سَهْوَدٌ: ناھايىتى ئۇزۇن؛ كىچىك غۇلام.

سَهْوَقٌ: يالغانچى؛ كاززاپ؛ شادىپاچاق؛ گۈرۈي، ئۇزۇنتۇرا؛ قاتتىق شامال، بوران.

سَهُوكٌ: قاتتىق بوران؛ بوركۇت.

رِيحٌ سَهُوكٌ: قاتتىق بوران.

سُهُوكَةٌ: بېلىق گۆشى قاتارلىقلارنىڭ سېسىق پۇرىقى.

سَهُولٌ: سورگە دورىسى، سورگە.

سُهُولَةٌ: ئوڭايلىق، ئاسانلىق، قولايلىق.

بِسُهُولَةٍ: ئاسانلا، قولايلىق بىلەن.

«اَلْمَسْأَلَةُ لَيْسَتْ بِهَذِهِ السُّهُولَةِ» : مەسىلە بۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس.

سُهَيْلٌ: سۇھەيل يۇلتۇزى، ئۆمۈر يۇلتۇزى.

سَوَاءٌ ج سَوَاسٍ وَسَوَاسِيَةٌ وَ سَوَاسِوَةٌ: ئوخشاش، پەرقسىز، باراۋەر؛ تۈز، دۇرۇس، تۈپتۈز؛ بەرد-بىر؛ ئوتتا.

عَلَى حَدٍّ سَوَاءٍ: تەڭ، باراۋەر، پۈتۈنلەي ئوخشاش، پەرقى يوق.

«نُعَامِلُ جَمِيعَ الطُّلَّابِ عَلَى السَّوَاءِ» : ئوقۇغۇ-چىلارنىڭ ھەممىسىگە باراۋەر مۇئامىلە قىلى-مىز.

سَوَاءٌ عَلَى السَّوَاءِ: پەرقسىز، ئوخشاشلا.

سَوَاءٌ بِسَوَاءٍ: پەرقى يوق.

مَكَانٌ سَوَاءٌ: تۈز جاي.

«وَصَلْنَا فِي سَوَاءِ النَّهَارِ» : بىز چۈشتە يېتىپ باردۇق.

لَيْلَةُ السَّوَاءِ: ئاينىڭ 14 ـ ياكى 13 ـ كېچىسى.

سَوَاءُ السَّبِيلِ: توغرا يول، تۈز يول.

سَوَاءُ الْجَبَلِ: تاغ چوققىسى.

سَوَابِغُ: يەتتىنچى كۈنى كېچىككە كېلىپ سۇ ئىچىدىغان تۆگىلەر.

سُوَاخٌ: قاتتىق پاتقاق، لاي.

سُوَاخِيَّةٌ: قاتتىق پاتقاق، لاي.

سَوَادٌ ج أَسْوِدَةٌ ج أَسَاوِدُ: قارا؛ غوۋا؛ كۆپ سانلىق؛ قويۇق خورمىزارلىق؛ دەرەخزارلىق؛ كەنت؛ ئوبراز.

سَوَادُ الْعَيْنِ: كۆز قارچۇقى.

«لاَ يُفَارِقُ سَوَادُهُ عَيْنِي» : ئۇنىڭ ئوبرازى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ.

سَوَادُ الْمَدِينَةِ: شەھەر ئەتراپى.

سَوَادُ النَّاسِ: خەلق ئاممىسى، پۇقرا، ئاۋام.

سَوَادُ الْوَجْهِ: خورلۇق، نومۇسسىزلىق، رەسۋاچىلىق، شەرمەندىلىك، قارا يۈزلۈك.

سَوَادُ الْقَلْبِ: يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قاتلىمى، يۈرەكنىڭ چىن يېرى.

اَلسَّوَادُ الْأَعْظَمُ مِنَ النَّاسِ: كۆپ سانلىق كىشىلەر، كۆپ سانلىق.

سُوَادٌ: ئۈستۈن بولماق، مەرتىۋىلىك بولماق؛ چىش كېسەللىكى؛ تاتىرىش، سارغىيىش، مەخپىي گەپ قىلىش؛ قويىنىڭ جىنىنى ئالىدىغان بىر خىل كېسەل.

نُوقُ سُوَادٍ: چوڭ قەدەملىك تۆگە، قەدىمى چوڭ تۆگە.

سُوَارٌ. سِوَارٌ. ج سُورٌ وَأَسْوِرَةٌ وَأَسَاوِرُ وَ أَسَاوِرَةٌ وَسُؤُورٌ: بىلەيزۈك.

سُوَارُ الذِّرَاعِ: بىلەيزۈك.

سِوَارُ الْقَمِيصِ: يەڭ.

سَوَارِيٌّ: ئاتلىق قوشۇن.

سُوَاسٌ: ئات كىرىپتار بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك.

سُوَاعٌ: سۇۋا (بۇتنىڭ نامى)، كېچىنىڭ بىر بۆلىكى.

«وَلاَتَذَرُنَّ وَدًّا وَلاَسُوَاعًا» ‹قرآن› : سىلەر ۋەدنى، سۇۋائنى ھەرگىز تەرك ئەتمەڭلار...

سِوَاكٌ ج سُوكٌ و أَسْوِكَةٌ: مىسۋاك.

سَوْءَةٌ ج أَسْوَاءٌ: بۇزۇلماق، چىرىمەك؛ بۇزۇق، پاسكىنا.

«يَا أُخْتَ هَارُونَ مَاكَانَ أَبُوكِ امْرَأَ سَوْءٍ وَمَا كَانَتْ أُمُّكِ بَغِيًّا» ‹قرآن› : ئى ھارۇننىڭ ھەمشىرىسى! سېنىڭ ئاتاڭ يامان ئادەم ئەمەس ئىدى، ئاناڭمۇ يولدىن چىققان خوتۇن ئەمەس ئىدى.

رَجُلُ سَوْءٍ: يامان ئادەم.

عَمَلُ سَوْءٍ: يامان قىلىق.

سُوءٌ ج أَسْوَاءٌ: يامانلىق، زىيان، گۇناھ؛ ئاپەت؛ خاپىلىق، ئەزىيەت؛ رەزىللىك، قايغۇ ـ ھەسرەت.

«وَمَا أُبَرِّئُ نَفْسِي إِنَّ النَّفْسَ لَأَمَّارَةٌ بِالسُّوءِ» ‹قرآن› : «مەن ئۆزۈمنى ئاقلىمايمەن: نەپسى دېگەن نەرسە ھەقىقەتەن يامان ئىشلارغا كۆپ بۇيرۇيدۇ».

«لَهُمْ سُوءُ الْعَذَابِ» ‹قرآن› : ئۇلار (دۇنيادا) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

سُوءُ الْبَخْتِ: بەختسىزلىك، تەلەيسىزلىك، بەختكە قارشى.

سُوءُ حَالَةِ الرُّؤْيَةِ: تەلەتى سوغۇق، كۆرۈمسىز.

زَادَهُ سُوءًا: يامانلاشتۇرىۋەتتى.

تَقْدِيرُ السُّوءِ: ئۈمىدسىزلىك، روھىي چۈشكۈنلۈك.

مُقَدِّرُ السُّوءِ: ئۈمىدسىز، روھىي چۈشكۈن.

سُوءُ الْخُلُقِ: مىجەزى ئوسال، ئەخلاقسىز، خاراكتېرى ناچار.

سُوءُ الْإِسْتِعْمَالِ: سۇيىئىستېمال، قالايمىقان ئىشلىتىش.

سُوءُ الْحَظِّ: بەختسىزلىك، شور پېشانىلىق، بەختكە قارشى، بىتەلەيلىك.

سُوءُ الْإِدَارَةِ: ياخشى باشقۇرالماسلىق، باشقۇرالماسلىق.

سُوءُ التَّصَرُّفِ: ناتوغرا سەرپ قىلىش، قولنىڭ

ئۆچـىـدىـلا ئـىـشـلـەپ قـويـۇش، ياخشى بـىـر تـەرەپ قـىـلـمـاسلـىـق.

سُوءُ السُّلُوكِ: هـەرىـكـەتـى يـامـان، ئـەخـلاقـسـىـز، ئەخلاقىي ناچار.

سُوءُ الْقَصْدِ: يـامـان نـىـيـەت، يامان غـەرەز.

بِسُوءِ نِيَّةٍ: يـامـان نـىـيـەت بـىـلـەن، نـىـيـىـتـى يـامـان.

سُوُ الظَّنِّ: بـەدگـۇمـان بـولـۇش، گـۇمـان قـىـلـىـش، يامان ئويدا بولۇش.

سُوءُ الْعَاقِبَةِ: ئـاقـىـۋىـتـى يامان.

سُوءُ الْهَضْمِ: هـەزىـم قـىـلـىـشـى ناچار.

سُوءُ التَّغْذِيَةِ: ئـوزۇقـلـىـنـىـشـى ناچار.

سُوءُ فَهْمٍ: خاتا چۈشەنچە.

سُوءُ التَّفَاهُمِ: چۈشـىـنـەلـمـەسـلـىـك، ئۆز ئارا تـوغـرا چۈشەنچىدە بولالـمـاسلـىـق.

سَوْءَةٌ ج سَوْءَاتٌ: رەزىـلـلـىـك، قـەبـىـھ هـەرىـكـەت، ناچار قـىـلـىـق، شـەرمـەنـدىـلـىـك، ئـۇياتـسـىـزلـىـق؛ ئەۋرەت، ئـۇياتـلـىـق يـەر، نـومـۇسـلـۇق جـاي، جـىـنـسـىـي ئەزا.

«قَدْأَنْزَلْنَاعَلَيْكُمْ لِبَاسًايُوَارِي سَوْآتِكُمْوَرِيشًا»

«قرآن»: سـىـلـەرگـە بـىـز هـەقـىـقـەتـەن ئەۋرىـتـىـڭـلارنى ياپـىـدىـغـان لـىـبـاسـنـى ۋە زىـنـنـەتـلـەيـدىـغـان لـىـبـاسنى چۈشۈردۇق.

وَاسَوْءَتَاهْ: ئاھ، نـىـمـىـدېـگـەن نومۇسـسـىـزلـىـق بۇ! نـىـمـىـدېـگـەن ئۇياتچىلىق بۇ!

اَلسُّوأَى: گۇناھ، جىنايەت؛ دوزاخ.

«ثُمَّ كَانَ عَاقِبَةَ الَّذِيْنَ أَسَاءُوا السُّوْأَى أَنْ كَذَّبُوابِآيَاتِ اللّٰهِ وَكَانُوْا بِهَا يَسْتَهْزِئُوْنَ»

«قرآن»: ئاندىن يامان ئىش قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتى ئەڭ يامان بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە مەسخىرە قىلغان كىشىلەردۇر.

سَوِدَ يَسْوَدُ سَوَدًا: قارايدى، قارا بولدى، قارا رەڭگە ئۆزگەردى؛ جۇرئەتلىك بولدى.

«دَخَلَ إِلَى مَنْجَمِ الْفَحْمِ فَسَوِدَ وَجْهُهُ وَيَدَاهُ»: ئۇ كۆمۈر كانىغا كىرگەندى، ئۇنىڭ يۈزى ۋە ئىككى قولى قاپقارا بولۇپ كەتتى.

سُودٌ و سُودَدٌ يَسْوَدُ: شان ـ شـەرەپ، ئـۇلـۇغـلـۇق؛ ئـىـگـىـلـىـك هوقۇق، مۇسـتـەقـىـلـلـىـق؛ يېـتـەكـچـىـلـىـك، قوماندانلىق، يولباشچىلىق.

اَلسُّودُ: قارا ئۆرۈك.

سَوْدَاءُ: قارا؛ مـالـىـخـولـىـيـا كـېـسـىـلـى، خامۇشلۇق كېسىلى.

اَلْأَرْضُ السَّوْدَاءُ: قارا تۇپراق، قارا توپا.

اَلْحَبَّةُ السَّوْدَاءُ: سـىـيـادان.

سَوْدَاءُ الْقَلْبِ: يۈرەك قېنى، يۈرەكنىڭ جېنى.

سُودَانُ: قارا تەنلىك.

بِلَادُ السُّودَانِ: سۇدان دۆلـىـتـى.

سُودَانِيٌّ: سۇدانلىق، سۇدانغا تەۋە.

فُولٌ سُودَانِيٌّ: يەر ياڭىقى (خاسىڭ).

سَوْدَاوِيٌّ: مـالـىـخـولـىـيـا كـېـسـىـلـىـگـە گـىـرىـپـتـار بولغۇچى.

سَوْدَاوِيُّ الْمِزَاجِ: سەۋدا مىجەز، خامۇش ئادەم.

سَوْذَانِقٌ: قۇرغۇي.

سَوْذَقٌ: قۇرغۇي.

سُورٌ ج أَسْوَارٌ و سِيرَانٌ: تام.

«بَنَوا سُورًا عَالِيًا حَوْلَ الْمَدِينَةِ»: شەھەر ئەتراپىغا ئېگىز سېپىل سالدى.

سُورٌ مِنْ أَسْلَاكٍ شَائِكَةٍ: سىم توساق، سىم تور.

سُورَةٌ ج سُوَرٌ وَ سُورٌ وَ سُورَاتٌ وَ سُوَرَاتٌ: سۈرە؛ پاراگراف، كىتابنىڭ بىر بابى.

سُورَةٌ مِنَ الْقُرآنِ: قۇرئاننىڭ بىر سۈرىسى.

«تُقْرَأُ سُورَةُ الْفَاتِحَةِ فِي الصَّلَاةِ»: فاتىھە سۈرىسى نامازدا ئوقۇلىدۇ.

سَوْرَةٌ: سەكرىمەك، بىر قېتىم ماڭماق.

سَوْرَةُ السُّلْطَانِ: پادىشاھنىڭ ھەيۋىسى.

«هَدَأَتْ سَوْرَةُ غَضَبِهِ»: ئۇنىڭ غەزىپىنىڭ ئىتتىكلىكى پەسەيدى.

سَوْرَةُ الْحُمَّى: قىزىتمىنىڭ قوزغىلىشى.

سَوْرَةُ الْبَرْدِ: سوغۇقنىڭ قاتتىقلىقى.

سَوْرَةُ الْخَمْرِ: ھاراقنىڭ كۈچى.

سُورَنْجَانُ: سورەنجان.

سُوْرِيَا: سۇرىيە.

سُورِيَانِيٌّ: سۇريانلىق، سۇريانى، قەدىمكى سۇرىيىلىك.

اَلسُّورْيَانِيَّةُ: سۇريانى تىلى، قەدىمكى سۇرىيە تىلى.

سُورِيٌّ: سۇرىيىلىك.

سَوِسَ يَسْوَسُ سَوَاسًا الطَّعَامُ: ئاشلىق قۇرتلاپ قالدى، مىتە چۈشتى.

سُوسٌ، سُوسَةٌ ج سِيْسَانٌ: مىتە، كۈيە، قۇرت.

سُوسُ الْحُبُوبِ: مىتە.

«نَخَرَ السُّوسُ الْخَشَبَةَ فَتَفَتَّتَتْ»: قۇرت ياغاچنى يەپ كەتكەن ئىدى، ياغاچ ئۇۋۇلۇپ كەتتى.

عِرْقُ سُوسٍ: چۈچۈكبۇيا، قارا بۇيا؛ خاراكتېر، تەبىئەت، ماھىيەت، ئەسلى.

مَنْقُوعُ رِقْسُوسٍ: چۈچۈكبۇيا شەربىتى.

سَوْسَنٌ: (پارسچە) پىيازگۈل، گۈلسامساق.

سَوْطٌ ج سِيَاطٌ و أَسْوَاطٌ: قامچا.

«فَصَبَّ عَلَيهِمْ رَبُّكَ سَوْطَ عَذَابٍ» (قرآن): پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارغا قاتتىق ئازابنى نازىل قىلدى.

سَوْطِيٌّ: قامچا شەكىللىك، قامچىغا ئوخشايدىغان.

سَوْعٌ: كېچىنىڭ بىر بۆلۈكى.

سَوْعَاءُ: قاتتىق.

سَاعَةٌ سَوْعَاءُ: قىيىن ۋاقىتلار.

سَوْفَ: (كېلىچەك زامان پېئىلىنىڭ ئالدىدا كېلىپ، «پات يېقىندا، پات ئارىدا، يېقىن كەلگۈسىدە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ).

«سَوْفَ أَزُورُكَ عِنْدَمَا يَتَّسِعُ لِيَ الْوَقْتُ»: مەن كېيىنچە سېنى ۋاقتىم چىققاندا يوقلايمەن.

سَوْفَ تَرَى: پات يېقىندا كۆرىسىز، ئۇزۇن قالماي كۆرىسىز.

سُوقَةٌ ج سُوقٌ وَ سُوَقٌ: تىزىلغان كېسەك؛ قۇملۇق بىلەن قاتتىق يەر ئارىسىدىكى زېمىن.

سُوقٌ ج أَسْوَاقٌ: بازار، سودا ئورنى.

سُوقٌ خَيْرِيَّةٌ: خەيرىيەت بازىرى، پايدىسى خەيرىيەت ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بازار.

سُوقٌ دَوْرِيَّةٌ: يەرمەنكە، مەزگىللىك بازار.

سُوقٌ سَنَوِيَّةٌ: يەرمەنكە، مەزگىللىك بازار.

سُوقٌ مُسْتَطَارَةٌ: ئاۋات بازار، جانلانغان بازار.

اَلسُّوقُ الْحُرَّةُ: ئەركىن بازار.

اَلسُّوقُ السَّوْدَاءُ: قاراڭغۇ بازار.

اَلسُّوقُ الْعَالَمِيَّةُ: دۇنياۋى بازار، خەلقئارا بازار.

سُوقٌ رَاقِدَةٌ: كاسات بازار.

سَعْرُ السُّوقِ: بازار باھاسى.

سُوقُ عُكَاظٍ: ئۇكاز بازىرى.

اَلسُّوقُ الْمَالِيَّةُ: پاي چېكى بازىرى.

سُوقُ النَّقْدِ: پاي چېكى بازىرى.

اَلسُّوقُ الْأُورُوبِيَّةُ الْمُشْتَرَكَةُ: ياۋروپا ئورتاق بازىرى.

اَلسُّوقُ الْمَرْكَزِيَّةُ: مەركىزىي بازار.

اَلسُّوقُ الْمُشْتَرَكَةُ: ئورتاق بازار.

«سَنَشْتَرِي مَانَحْتَاجُهُ مِنَ السُّوقِ»: ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى بازاردىن سېتىۋالىمىز.

سَوْقَاءُ: ئۆتۈك، مەسە، قونجلۇق ئاياغ.

سُوقَةٌ ج سُوَقٌ: پۇقرا، ئاۋام، خەلق.

هُوَ سُوقَةٌ: ئۇ ئادەتتىكى پۇقرا.

هُمْ سُوقَةٌ: ئۇلار ئاۋام خەلق.

سُوقِيٌّ: بازارغا مەنسۇپ، بازارغا ئائىت.

خُبْزٌ سُوقِيٌّ: بازار نېنى، ئادەتتىكى نان.

هَذِهِ ثِيَابٌ سُوقِيَّةٌ: بۇ كىيىم سۈپەتسىز، ناچار توقۇلغان كىيىم، قوپال كىيىم.

«يَتَلَفَّظُ بِكَلِمَاتٍ سُوقِيَّةٍ»: چۈپرەي سۆزلەرنى ئىشلىتىدۇ.

سَوْكَرَةٌ: سوغۇرتا، بىخەتەر.

سَوْكَرَةُ الْحَرِيقِ: ئوت ئاپىتى سوغۇرتىسى.

سَوْكَرَةُ الْحَيَاةِ: ئۆمۈر سوغۇرتىسى.

آلسَّوْمُ: مال باھاسىنى سوراپ باقماق.

سُوْمَةٌ: بەلگە، ئىشارەت، ئالامەت، نىشان؛ تەقى ـ تۇرقى، سىرتقى كۆرۈنۈشى؛ شەرتلىك بەلگە.

سُومَةٌ: ئالامەت، بەلگە، ئەن، تامغا، ماركا، نىشان.

«هَذِهِ السِّلْعَةُ تَحْمِلُ سُومَةَ شَرِكَةٍ أَجْنَبِيَّةٍ»: بۇ مالغا چەت ئەل شىركىتىنىڭ ماركىسى چاپلانغان.

سَوْمَلٌ: كونا كىيىم.

سَوْمَلَةٌ: ئىستاكان، كورۇشكا.

سَوَّاحٌ: ساياھەتچى، سەيلە قىلغۇچى، سەپەر قىلغۇچى.

سَوَّارٌ: ھاراق كۆتۈرگۈچى، ھاراقنى بېشىدا ئايلاندۇرغۇچى؛ باتۇر؛ قولاق كەستى.

كَلْبٌ سَوَّارٌ: غالجىر ئىت.

أَلَمٌ سَوَّارٌ: قاتتىق ئاغرىق.

سَوَّاقٌ ج سَوَّاقُونَ: شوپۇر.

سَوَّاقُ التِّرَامِ: ترامۋاي شوپۇرى، تىراللېبۇس شوپۇرى.

«أَحْدَثَ إِضْرَابُ السَّوَّاقِينَ أَزْمَةَ الْمُوَاصَلاَتِ»: شوپۇرلارنىڭ ئىش تاشلىشى قاتناش كرزىسىنى پەيدا قىلدى.

سَوَّءَ يُسَوِّءُ تَسْوِيَةً وَتَسْوِيئًا: يامانلاشتۇردى.

«سَوَّأَتْ هَذِهِ الْحَادِثَةُ الْعَلاَقَاتِ بَيْنَ الْبَلَدَيْنِ»: بۇ ۋەقە ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يامانلاشتۇرۇۋەتتى.

سَوَّءَ عَلَيْهِ قَوْلَهُ أَوْفِعْلَهُ: ئۇنىڭ سۆزىنى ياكى قىلمىقىنى ئەيىبلىدى، مالامەت قىلدى.

سَوَّجَ يُسَوِّجُ تَسْوِيجًا الْمَكَانَ: جاينى ئىھاتە ئىچىگە ئالدى.

سَوَّدَ يُسَوِّدُ تَسْوِيدًا الشَّيْءَ: قارايتىۋەتتى، قارا قىلدى، قارا رەڭدە بويىدى.

«سَوَّدَ الْفَحْمُ وَجْهَهُ»: كۆمۈر ئۇنىڭ يۈزىنى قارا قىلىۋەتتى.

سَوَّدَ الرَّجُلَ: باشلىق قىلدى، يېتەكچى قىلدى، قوماندان قىلدى.

سَوَّدَ الْمَكْتُوبَ: تەييارلىدى، يازدى، كۆپىيە يازدى، لايىھە تەييارلىدى، دەسلەپكى نۇسخىنى يازدى.

سَوَّدَ وَجْهَهُ وَعِرْضَهُ: خورلىدى، تىللىدى، ھاقارەتلىدى.

سَوَّرَ يُسَوِّرُ تَسْوِيرًا الْمَكَانَ: جاينى تام بىلەن قورشىدى، ئىھاتە ئىچىگە ئالدى.

سَوَّرَ الْحَائِطَ: تامغا ياماشتى، تامغا ئېسىلدى.

سَوَّرَ الْحَدِيقَةَ: باغچىنى تام بىلەن قورشىدى.

سَوَّرَ الْمَنْزِلَ: ئۆينى تام ئىچىگە ئالدى.

سَوَّرَ الشَّخْصَ: بىلەيزۈك سېلىپ قويدى.

سَوَّسَ يُسَوِّسُ تَسْوِيسًا الْحَبُّ: ئاشلىق قۇرتلىدى.

سَوَّطَ يُسَوِّطُ تَسْوِيطًا الْحَرْبَ: ئۇرۇش ئېلان قىلدى، ئۇرۇش باشلىدى.

سَوَّغَ يُسَوِّغُ تَسْوِيغًا الأَمْرَ: ئىجازەت بەردى، يول قويدى.

«اَلْقَوَانِينُ الْجَدِيدَةُ تُسَوِّغُ اعْتِقَالَ مَنْ يُشْتَبَهُ فِيهِمْ»: يېڭى قانۇن گۇمانلىق كىشىلەرنى قولغا ئېلىشقا يول قويىدۇ.

سَوَّقَ يُسَوِّقُ تَسْوِيقًا: ئارقىغا سوزدى.

سَوَّقَ يُسَوِّقُ تَسْوِيقًا الْمَاشِيَةَ: ئۇلاغنى ھەيدىدى.

سَوَّقَ الْبِضَاعَةَ: تاۋارنى بازارغا سالدى.

سَوَّكَ يُسَوِّكُ تَسْوِيكًا الشَّيْءَ: نەرسىنى سۈرتۈپ تازىلىدى، ئىپرتتى؛ ئۇۋۇلىدى.

سَوَّكَ الأَسْنَانَ: چىشنى مىسۋاكلىدى، چىشنى چوتكىلىدى.

سَوَّلَ يُسَوِّلُ تَسْوِيلاً لَهُ الشَّرَّ: يامانلىققا قىزىقتۇردى، ئازدۇردى، قايمۇقتۇردى، يولدىن چىقاردى.

«سَوَّلَ لَهُ شَيْطَانٌ قَتْلَ صَاحِبِهِ»: شەيتان ئۇنى ھەمراھىنى ئۆلتۈرۈشكە كۈشكۈرتتى.

سَوَّلَتْ لَهُ نَفْسُهُ كَذَا: كۈشكۈرتتى، چىرايلىق كۆرسەتتى، كۆڭلىگە ۋەسۋەسە سالدى.

«قَالَ بَلْ سَوَّلَتْ لَكُمْ أَنْفُسُكُمْ أَمْرًا» (قۇرئان): ياقۇپ: «بۇ ئىشنى نەپسىڭلار سىلەرگە چىرايلىق كۆرسىتىپ قىلغۇزۇپتۇ» دېدى.

سَوَّمَ يُسَوِّمُ تَسْوِيمًا الشَّيْءَ: بەلگە قىلدى، بەلگە سالدى، ئەن سالدى، تامغا باستى.

سَوَّمَ الْفَرَسَ: ئاتقا تامغا باستى، ئەن سالدى.

سَوَّمَ الْخَيْلَ: ئاتنى ئوتلاشقا قويۇۋەتتى.

سَوَّمَتِ الْمَاشِيَةَ: چارۋىنى ئوتلاقا قويۇۋەتتى.

سَوَّمَ عَلَى الْقَوْمِ: ھۇجۇم قىلدى، باسقۇن قىلدى.

سَوَّى يُسَوِّي تَسْوِيَةً الْأَرْضَ: يەرنى تۈزلىدى، رۇسلىدى.

سَوَّى الطَّعَامَ: تاماقنى پىشۇردى.

سَوَّى الْبِنَاءَ بِالْأَرْضِ: بىنا بۇزۇۋېتىلدى، چېقىۋېتىلدى.

سَوَّى بَيْنَهُمَا: ئۇلارنى باباراۋەر قىلدى.

سَوَّى الْمُشْكِلَةَ: مەسىلىنى ھەل قىلىشقا كىرىشتى.

«سُوِّيَتِ الْمُشْكِلَةُ تَسْوِيَةً تَامَّةً»: مەسىلە تەلتۆكۈس ھەل قىلىندى.

«سَوَّى حِسَابَهُ مَعَهُ»: ئۇنىڭ بىلەن ھېساباتنى بىر تەرەپ قىلدى.

«يَوْمَئِذٍ يَوَدُّ الَّذِينَ كَفَرُوا وَعَصَوُا الرَّسُولَ لَوْ تُسَوَّى بِهِمُ الْأَرْضُ» «قرآن»: كاپىرلار ۋە پەيغەمبەرگە ئاسىيلىق قىلغانلار ئۇ كۈندە يەر بىلەن تۈپتۈز قىلىۋېتىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

«سَوُّوا صُفُوفَكُمْ فَإِنَّ تَسْوِيَةَ الصُّفُوفِ مِنْ تَمَامِ الصَّلَاةِ» «حديث»: سەپلىرىڭلارنى تۈز قىلىڭلار، سەپنى تۈز قىلىش نامازنى مۇكەممەل قىلىدۇ.

سُوِّيَتْ بِهِ الْأَرْضُ: ھالاك بولدى، گۇم بولدى، يەر بىلەن يەكسان بولدى.

سَوٍّ وَلَاتَسَوٍّ: تۈزىگەن، بۇزمىغەن.

سَوِيَ يَسْوَى سِوًى الرَّجُلُ: تۈزەلدى، توغرا بولدى، تەرتىپلىك بولدى، رەتلىك بولدى.

سِوَى: باشقا، باشقىسى، غەيرى.

«جَاءَ الطُّلَّابُ سِوَى فُلَانٍ»: پالانىدىن باشقا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى كەلدى.

سُوًى: توغرا، ھەققانىي، مۇۋاپىق، ئوتتۇرا؛ مۇئەييەن، مەلۇملۇق.

«فَاجْعَلْ بَيْنَنَا وَبَيْنَكَ مَوْعِدًا لَا نُخْلِفُهُ نَحْنُ وَلَا أَنْتَ مَكَانًا سُوًى» «قرآن»: سەن بىزگە ئۆز ئارا يىغىلىدىغان ۋاقىتنى ۋە مۇئەييەن جاينى بەلگىلەپ بەرگىن، سەنمۇ، بىزمۇ ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلمايلى.

سُوَيْدَاءُ: مالىخولىيا كېسىلى، خاموشلۇق كېسەلى.

سُوَيْدَاءُ الْقَلْبِ: يۈرەكنىڭ قاپقىقى (كىلاپان).

سُوَيْعَةٌ ج سُوَيْعَاتٌ: ئازغىنا ۋاقىت، قىسقا ۋاقىت.

«قَضَى سُوَيْعَاتٍ مُشْرِقَةً مَعَ كِتَابِ اللّٰهِ»: ئۇ قۇرئان كەرىم بىلەن نۇرلۇق چاغلارنى ئۆتكۈزدى.

سَوِيقٌ ج أَسْوِقَةٌ: يۇمشاق ئۇن، تالقان؛ ھاراق.

سُوَيْقَةٌ ج سُوَيْقَاتٌ: كىچىك بازار؛ پاچاق.

سَوِيٌّ ج أَسْوِيَاءُ: تۈز، توغرا، مۇۋاپىق، ئادەتتىكى، تەبىئىي.

«فَسَتَعْلَمُونَ مَنْ أَصْحَابُ الصِّرَاطِ السَّوِيِّ وَمَنِ اهْتَدَى» «قرآن»: كىمنىڭ توغرا يول ئىگىلىرى ئىكەنلىكىنى ۋە كىمنىڭ ھىدايەت تاپقانلىقىنى (ئۇزاقتا قالماي) بىلىسىلەر.

سَوِيٌّ: ئادىل، توغرا، تۈز، تەكشى، بىللە، بىرلىكتە، ئورتاق. سەممىمىي.

«فَاتَّبِعْنِي أَهْدِكَ صِرَاطًا سَوِيًّا» «قرآن»: ماڭا ئەگەشكىن، سېنى توغرا يولغا باشلايمەن.

«جَاءُوا سَوِيًّا»: ئۇلار بىرلىكتە كەلدى.

«سُلُوكُهُ لَيْسَ سَوِيًّا»: ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى توغرا ئەمەس.

بِالسَّوِيَّةِ: ئوتتۇرا ھېساب بىلەن.

سِيَابٌ: خورما غورىسى، خام خورما، پىشمىغان خورما.

سَيَابَةٌ: ھاراق.

سِيَاجٌ ج سِيَاجَاتٌ وَأَسْوِجَةٌ وَ سُوجٌ: چىت، قورۇقتام، چىتەن، چىتلاق، ھويلا تام، قاشا، رىشاتكا.

سِيَاحَةٌ ج سِيَاحَاتٌ: ساياھەت، تاماشا، سەيەر، سەيلە - ساياھەت.

سِيَادَةٌ: ئىگىلىك ھوقۇقى، ئالىي ھوقۇق، ئۇلۇغلۇق؛ جانابىي ئالىيلىرى.

ذُوسِيَادَةٍ: ئىگىلىك ھوقۇققا ئىگە، مۇستەقىل؛ ھەممىدىن ئۈستۈن، كۆرۈنەرلىك.

دَوْلَةٌ ذَاتُ سِيَادَةٍ: مۇستەقىل دۆلەت.

سِيَادَةُ الْقَانُونِ: قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى.

سِيَادَةُ الرَّئِيسِ: رەئىس جانابلىرى.

سِيَادَةُ الْقَائِدِ: قوماندان جانابلىرى.

سِيَاسَةٌ: ئىدارە قىلماق، باشقۇرماق؛ سىياسەت؛ تەدبىر.

«تَبَنَّتِ الشَّرِكَةُ سِيَاسَةً جَدِيدَةً فِي تَعْيِينِ مُوَظَّفِيهَا»: شىركەت خىزمەتچىلىرىنى بەلگىلەشتە يېڭى سىياسەت قوللاندى.

«لَمْ يُحْسِنْ سِيَاسَةَ شُؤُونِ بَلَدِهِ»: يۇرتىنىڭ ئىشلىرىنى ياخشى باشقۇرمىدى.

سِيَاسَةُ الْحِيَادِ الْإِيْجَابِيَّةُ: ئاكتىپ بىتەرەپلىك سىياسىتى.

سِيَاسَةُ لِلْحَرْبِ الْبَارِدَةِ: سوغۇق ئۇرۇش سىياسىتى.

اَلسِّيَاسَةُ الْإِنْقِسَامِيَّةُ: پارچىلاش سىياسىتى.

سِيَاسَةُ الْأَمْنِ الْجَمَاعِيِّ: ئاممىۋى بىخەتەرلىك سىياسىتى.

اَلسِّيَاسَةُ الْمُوَالِيَةُ لِلْغَرْبِ: غەربلەشتۈرۈش سىياسىتى.

سِيَاسَةُ الْأَفْضَلِيَّةِ: قولايلىق يارىتىپ بېرىش سىياسىتى.

سِيَاسَةُ التَّفَاهُمِ: ئۆز ئارا چۈشەنچە ھاسىل قىلىش سىياسىتى.

سِيَاسَةُ حُسْنِ الْجِوَارِ: ئىناق قوشنىدارچىلىق سىياسىتى.

اَلسِّيَاسَةُ الدَّوْلِيَّةُ: دىپلوماتىك سىياسەت.

اَلسِّيَاسَةُ الْخَارِجِيَّةُ: تاشقى سىياسەت.

اَلسِّيَاسَةُ الْاِقْتِصَادِيَّةُ: ئىقتىسادىي سىياسەت.

اِشْتَغَلَ بِالسِّيَاسَةِ: سىياسىي ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللاندى، سىياسىي بىلەن ھەپىلەشتى.

سِيَاسَةُ الْاِسْتِعْمَارِ: جاھانگىرلىك سىياسىتى.

سِيَاسِيٌّ ج سَاسَةٌ: سىياسەتكە ئائىت، سىياسىيون، سىياسىي ئەرباب، سىياسەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى، دىپلومات، دىپلوماتىيە ئەمەلدارى.

سِيَاسِيٌّ مُحَنَّكٌ: پىشقان سىياسىي ئەرباب، ماھىر سىياسىيون، سىياسەتۋاز، سىياسەتپەرەس.

سَجِيْنٌ سِيَاسِيٌّ: سىياسىي مەھبۇس، سىياسىي جىنايەتچى.

اَلسِّلْكُ السِّيَاسِيُّ: سىياسىي ساھە.

عِلْمُ الْاِقْتِصَادِ السِّيَاسِيِّ: سىياسىي ئىقتىسادشۇناسلىق، سىياسىي ئىقتىساد ئىلمى.

مُمَثِّلٌ سِيَاسِيٌّ: دىپلوماتىك ئەلچى.

لَاسِيَاسِيٌّ: سىياسىي ئىشلار بىلەن كارى يوق.

اَلدَّوَائِرُ السِّيَاسِيَّةُ: سىياسىي ساھەدىكىلەر، سىياسىي دائىرىلەر.

اَلْمَسَائِلُ السِّيَاسِيَّةُ: سىياسىي مەسىلىلەر.

اَلْأَسِيَاسِيَّةُ: سىياسىي ئىشلار بىلەن كارى بولماسلىق.

سِيَاعٌ: ھايۋانات مېيى؛ ساماننىق لاي؛ قاراماي.

سِيَاقٌ ج سِيَاقَاتٌ: ئۇسلۇب؛ جەريان؛ مەھرى؛ داۋاملىق، ئۈزلۈكسىز، كەينى - كەينىدىن، ئارقىمۇ ئارقا.

سِيَاقُ الْكَلَامِ: سۆزنىڭ باش - ئايىغى، سۆز ئۇرامى.

سِيَاقُ الْوَقَائِعِ: ۋەقەلەرنىڭ داۋاملىشىشى، ۋەقەلەرنىڭ جەريانى.

سِيَاقُ الْأَمْرِ: ئىشنىڭ باش - ئاخىرى، ئىشنىڭ جەريانى، ئىشنىڭ يۈز بېرىشتىكى شەرت - شارائىتى.

«شَرَحَ الْمُتَّهَمُ لِلْقَاضِي السِّيَاقَ الَّذِي ارْتَكَبَ فِيهِ جَرِيمَتَهُ»: جىنايەتچى سوتچىغا ئۆزىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش جەريانىنى سۆزلەپ بەردى.

سِيَاقُ الْجُمْلَةِ: جۈملىنىڭ باش - ئايىغى.

سِيَاقُ الْحَوَادِثِ: ۋەقەلەرنىڭ داۋاملىشىشى، ۋەقەلەرنىڭ جەريانى.

سِيَاقُ الْحَدِيثِ: سۆھبەتنىڭ جەريانى، سۆھبەتنىڭ تەرتىپى.

سِيَاقُ الْكِتَابِ: كىتابنىڭ داۋامى.

رُخْصَةُ سِيَاقَةٍ: شوپۇرلۇق كېنىشكىسى.

سَيْبٌ: ئاقماق؛ تېز ماڭماق؛ يۆتكەلمەك؛ يۈرمەك؛ ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋېتمەك؛ سوۋغات، ھەدىيە؛ يېغىۋاتقان يامغۇر؛ ئات قويرۇقى.

«طَمَعَ فِي سَيْبِهِ»: ئۇنىڭ سوۋغىسىنى تاما قىلدى.

سَيَبَانٌ: ئاقماق، تېز ماڭماق؛ ئەركىن يۈرمەك.

سِيجَارَةٌ ج سَجَائِرُ: پاپىروس، تاماكا.

سَيْجَانٌ: بىر تۈرلۈك بېلىق.

سِيجَةٌ: رامكا.

سَيْحٌ ج أَسْيَاحٌ و سُيُوحٌ: ئېقىن سۇ، يوللۇق كىيىم.

سِيخٌ ج أَسْيَاخٌ: زىخ؛ قىڭراق.

سِيدٌ ج سِيدَانٌ: بۆرە؛ يولۋاس.

سَيْدَارَةٌ: رومال؛ سەللە.

سَيْدَانَةٌ ج سِيدَانٌ: بۆرە؛ باتۇر ئايال.

سَيْذَاقٌ: قۇرغۇي.

سَيْذَقَانٌ: قۇرغۇي.

سَيْرٌ: ماڭماق، يۆتكەلمەك، سەيلە قىلماق، سەپەر قىلماق، سەيرى قىلماق، كەزمەك.

اَلسَّيْرُ بِخُطْوَةٍ رَاسِخَةٍ: دادىل قەدەم تاشلاش.

«اَلْمَكَانُ قَرِيبٌ جِدًّا. فَالأَفْضَلُ أَنْ تَذْهَبَ سَيْرًا عَلَى الأَقْدَامِ»: يول ناھايىتى يېقىن، پىيادە ماڭغىنىڭ تۈزۈك.

سَيْرُ الْحَوَادِثِ: ئىشنىڭ تەرەققىياتى، ۋەقەنىڭ جەريانى، ۋەقەنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى.

سَيْرٌ ج سُيُورٌ و سُيُورَةٌ: كەمەر، تاسما.

«اِرْبِطْ سَيْرَ حِذَائِكَ»: ئايىغىڭنىڭ بوغقۇچىنى چىگىۋال.

سِيَرَاءُ: خورمىنىڭ ياپراقسىز غولى، ساپ ئالتۇن؛ يوللۇق تون؛ ئورۇقتا چاپلىشىقلىق نېپىز پوست، يۈرەكنىڭ قېپى.

سِيرَةٌ ج سِيَرٌ: نام ـ ئاتاق، شۆھرەت، ھېكايە، ۋەقەلىك؛ تارىخ، تۇرمۇش ئۇسلۇبى؛ تەرجىمىھال؛ شەكىل، ھالەت، مەسلەك.

«سَنُعِيدُهَا سِيرَتَهَا الأُولَى» «قرآن»: ئۇنى دەسلەپكى ھالىتىگە قايتۇرىمىز.

«كَانَ ذَا سِيرَةٍ حَسَنَةٍ»: ئۇ گۈزەل خۇلقتا ئىدى.

سِيرَةُ إِنْسَانٍ: ئىنساننىڭ تەرجىمىھالى.

سِيرَةُ رَسُولِ اللّٰهِ: رەسۇلۇللانىڭ تەرجىمىھالى.

اَلسِّيرَةُ النَّبَوِيَّةُ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى، ئەدەپ ـ ئەخلاقى، يۈرۈش ـ تۇرۇش ۋە قاتناشقان غازاتلىرىنىڭ تارىخى ئەھۋالى.

اَلسِّيرَةُ الذَّاتِيَّةُ: شەخسي تەرجىمىھال.

«عَلَى طَالِبِ الْوَظِيفَةِ أَنْ يَكْتُبَ فِي الطَّلَبِ سِيرَتَهُ»: ئىش تەلەپ قىلغۇچى ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالىنى يېزىشى كېرەك.

سِيرَةُ أُسْلُوبِ الْحَيَاةِ: تۇرمۇش ئۇسۇلى.

سُيَرَةٌ: كۆپ ماڭغۇچى، ساياھەت قىلغۇچى، كۆپ سەپەر قىلغۇچى.

سَيْرِجٌ: كۈنجۈت يېغى.

سَيِسَ يَسْيَسُ سَيَسًا الْحَبُّ: ئاشلىققا مىتە چۈشۈپ قالدى.

سِيسٌ: ياسىمىن.

سِيسَاءٌ ج سَيَاسِيُّ: قوۋۇرغا.

سِيسَاءُ الظَّهْرِ: ئۇلاغنىڭ دۈمبىسى.

سِيسِيٌّ ج سَيَاسِيٌّ: كىچىك ئات، پاكىنەك ئات.

سَيْطَرَ يُسَيْطِرُ سَيْطَرَةً عَلَيْهِ: باشقۇردى، ئىدارە قىلدى، ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

سَيْطَرَةٌ: ھۆكۈمرانلىق قىلماق، باشقۇرماق، كۆزەتمەك، كونترول قىلماق، ئىدارە قىلماق، چاڭگىلىغا ئالماق.

«سَيْطَرَ الْحُزْنُ عَلَى نَفْسِي سَيْطَرَةً بَالِغَةً»: غەم ـ قايغۇ پۈتۈن ۋۇجۇدىمنى چىرمىۋالدى.

سَيْطَلٌ: لىگەن، قاچىنىڭ تۇتقۇچى.

سَيْعٌ: يۇتۇپ كەتمەك، ئېقىن سۇ، زا يا بولماق.

سِيعَادٌ: كېچىنىڭ بىر بۆلىكى.

سَيْفٌ ج أَسْيَافٌ وَ سُيُوفٌ: قىلىچ، خەنجەر.

«ضَرَبَهُ بِالسَّيْفِ فَقَطَعَ رَأْسَهُ» قىلىچ بىلەن بىر

سىلىپ ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ تاشلىدى.

سَيْفُ الْمُبَارَزَةِ: مۇسابىقە قىلىچى.

أَعْمَلَ فِيهِمُ السَّيْفَ: ئۇلارنى قىردى، ئۇلار ئۈستىدىن قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى.

سَبَقَ السَّيْفُ الْعَذْلَ: قىلىچ مالامەتنىڭ ئالدىدا ماڭدى (ئۆتۈپ كەتكەن ئىشنى تەگەشنىڭ پايدىسى يوق)؛ ۋاقتى ئۆتتى، كېچىكتى.

سَيْفُ الْغُرَابِ: نەرگەس گۈلى.

سِيفٌ ج أَسْيَافٌ: دېڭىز قىرغىقى، دېڭىز ساھىلى، دېڭىز ياقىسى.

سَيْفَانٌ م سَيْفَانَةٌ: قامىتى كېلىشكەن، زىلۋا.

سِيفَةٌ: مۇساپە، ئارىلىق.

سِيكَا: مۇزىكىنىڭ بىر ئاھاڭى، سىيگاھ.

سِيكَةٌ: قىلىچ؛ دامكا ئۇرۇقى.

سَيْكَفٌ: موزدۇز.

سَيْلٌ ج سُيُولٌ: كەلكۈن، سەل، قىيان، جىددىي ئېقىن، ئېتىلىپ ئېقىن.

سَيْلٌ عَرِمٌ: چوڭ كەلكۈن.

«فَأَعْرَضُوافَأَرْسَلْنَاعَلَيْهِمْسَيْلَ الْعَرِمِ» «قۇرئان»: ئۇلار (شۈكرىدىن) باش تارتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا قاتتىق سەلنى ئەۋەتتۇق.

سَيْلٌ جَارِفٌ: كەلكۈن، تېز ئېقىن، تاشقىن، سەل، ئېتىلىپ ئېقىن.

بَلَغَ السَّيْلُ الزُّبَى: ئىش چىدىغۇسىز دەرىجىگە يەتتى.

«وَجَّهَ إِلَيْهِ سَيْلاً مِنَ الشَّتَائِمِ»: ئۇنىڭغا تىل ئاھانەتنى ياغدۇردى.

سِيْلاَنٌ ج سَيَالِينُ: ياقۇت.

سَيَلاَنٌ: ئاقماق، تەپچىرىمەك، ئېقىش، ئۆتۈپ كەتمەك، سىڭىپ كەتمەك؛ سوزۇنەك.

سِيلاَنُ: سەيلون.

جَزِيرَةُ سِيلاَنَ: سەيلون ئارىلى.

سَيْلَةٌ: ساي، جىرا، كىچىك ئېقىن، ئۆستەڭ، ئېرىق.

سَيْلَقٌ: تېز ماڭىدىغان تۆگە.

سِيمٌ: شەرتلىك بەلگە، بەلگە، ئىشارەت، ئالامەت، نىشان؛ تەقى - تۇرقى، سىرتقى كۆرۈنۈشى.

سِيمَا . سِيمَاءُ: ئالامەت، بەلگە، تامغا، ئەن، نىشان، تەقى - تۇرقى، سىرتقى كۆرۈنۈشى.

«سِيمَاهُمْفِيوُجُوهِهِمْمِنْأَثَرِالسُّجُودِ» «قۇرئان»: ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە سەجدىنىڭ ئەسىرىدىن نىشانلار بار.

«هُنَاكَ شَيْءٌ غَرِيبٌ فِي سِيمَائِهِ»: ئۇنىڭ كەيپىياتى باشقىچە تۇرىدۇ.

سِيمَاوِيٌّ: سېھرىگەر، جادۇگەر، ھەييار.

سِيمَةٌ: ئالامەت، بەلگە، ئەن، تامغا؛ ماركا، نىشان.

سِيمَى: بەلگە، ئىشارەت، ئالامەت، نىشان، شەرتلىك بەلگە؛ تەقى - تۇرقى، سىرتقى كۆرۈنۈشى.

سِيمِيَا . سِيمِيَاءُ: سېھرىگەرلىك، جادۇگەرلىك، ھەييارلىق.

سِيمِيَائِيٌّ: سېھرىگەر، جادۇگەر، ھەييار.

سِينَا . سِينَاءُ: سىنا تېغى.

سِينَطُورُ: چاڭ (سەككىز تارلىق چالغۇ).

سِينَمَا ج سِينَمَاتٌ: كىنو، كىنوخانا.

اَلسِّينَمَا النَّاطِقَةُ: ئاۋازلىق كىنو.

اَلسِّينَمَا الصَّامِتَةُ: ئاۋازسىز كىنو.

سِينَمَائِيٌّ: كىنو كەسپىي؛ كىنو خىزمەتچىسى.

اَلْفَنُّ السِّينَمَائِيُّ: كىنو سەنئىتى.

رِوَايَةٌ سِينَمَائِيَّةٌ: كىنو سېنارىيسى.

سَيْهَكٌ: قاتتىق بوران؛ بوراندىكى توپا - چاڭ.

سَيْهُوكٌ: قاتتىق بوران.

سَيُورٌ: كۆپ ماڭغۇچى، ساياھەت قىلغۇچى، كۆپ سەپەر قىلغۇچى.

سُيُولَةٌ: سۇيۇقلۇق، ئاقىدىغان.

سُيُولَةُ الْمُرُورِ: قاتناش ئېقىمى.

دَرَجَةُ سُيُولَةِ الدَّمِ: قان ئېقىمى دەرىجىسى.

سِيٌّ: ئوخشاش، باراۋەر؛ چۆل، باياۋان.

«هُمَا سِيَّانِ»: ئۇلار ئىككىسى ئوخشاش.

سَيِّئٌ: ناچار، يامان، قەبىھ، ئەسكى.

«خَلَطُوا عَمَلاً صَالِحًا وَآخَرَ سَيِّئًا» (قرآن)؛ ئۇلار ياخشى ئىشقا يامان ئىشنى ئارىلاشتۇرۇپ قويدى.

سَيِّئُ التَّرْبِيَةِ: تەربىيىسىز، تەربىيە كۆرمىگەن، مەدەنىيەتسىز.

سَيِّئُ الْحَظِّ: بەختسىز، نەس باسقان، شور پېشا-نە، تەلەيسىز.

سَيِّئُ الْخُلُقِ: ئەخلاقسىز، مىجەزى يامان، بەد ئەخلاق.

سَيِّئُ السُّمْعَةِ: ئاتىقى يامان، سېسىق نامى پۇركەتكەن.

سَيِّئُ الطَّالِعِ: بەختسىز، بىتەلەي.

سَيِّئَةٌ ج سَيِّئَاتٌ: گۇناھ، جىنايەت، يامانلىق.

«مَنْ عَمِلَ سَيِّئَةً فَلاَيُجْزَى إِلاَّمِثْلَهَا» (قرآن)؛ كىمكى (بۇ دۇنيادا) بىرەر يامانلىقنى قىلسا-كەن، ئۇنىڭغا (ئاخىرەتتە) شۇنىڭغا لايىق جازا بېرىلىدۇ.

سَيَّابٌ: خام خورما، خورما غورىسى.

سَيَّاحٌ: ساياھەتچى، سەيلە قىلغۇچى، سەپەر قىلغۇچى.

سَيَّارٌ: كۆپ ماڭغۇچى، ساياھەت قىلغۇچى، كۆپ سەپەر قىلغۇچى.

سَيَّارَةٌ ج سَيَّارَاتٌ: يۇلتۇز، سەييارە، پىلانىتا؛ ئاپتوموبىل، ماشىنا.

«وَجَاءَتْ سَيَّارَةٌ فَأَرْسَلُوا وَارِدَهُمْ» (قرآن)؛ بۇ يەردىن بىر كارۋان ئۆتتى، ئۇ سۇچىسىنى (سۇ ئېلىپ كېلىشكە) ئەۋەتتى.

سَيَّارَةُ رُكَّابٍ: يولۇچىلار ئاپتوبۇسى.

سَيَّارَةُ الرُّكُوبِ: ئاپتوبۇس، يولۇچىلار ئاپتوبۇسى، پىكاپ.

سَيَّارَةُ الشَّحْنِ: يۈك ماشىنىسى، يۈك ئاپتوموبى-لى.

سَيَّارَةٌ مُدَرَّعَةٌ: بىرونىك ماشىنا.

صُحُفٌ سَيَّارَةٌ: كۈندىلىك گېزىت.

مُسْتَشْفًى سَيَّارَةٌ: سەييارە دوختۇرخانا، كۆچمە دوختۇرخانا.

سَيَّارَةُ أُجْرَةٍ: كىرا ماشىنىسى، تاكسى.

سَيَّارَةُ إِسْعَافٍ: قۇتقۇزۇش ماشىنىسى.

سَيَّافٌ ج سَيَّافَةٌ: قىلىچۋاز، نەيزىۋاز.

رَجُلٌ سَيَّافٌ: پوكانچى؛ قاتىل، كاللا كېسەر.

سَيَّافُ الأَمِيرِ: جاللات.

سَيَّالٌ م سَيَّالَةٌ: ئاققۇچى، ئاقىدىغان، ئېقىمىن.

أُسْلُوبٌ سَيَّالٌ: جۇشقۇن ئۇسلۇب.

سَيَّالٌ سَالِبٌ: مەنپى ئېقىم.

سَيَّالٌ كَهْرَبِيٌّ: توك ئېقىمى.

اَلسَّيَّالُ الْكَهْرَبَائِيُّ: توك ئېقىمى.

قَلَمٌ سَيَّالٌ: سىياھ قەلەم.

سَيَّالَةٌ ج سَيَّالاَتٌ: ئېرىق، ئۆستەڭ، دەريا، سۇ يولى، دەريا ئېقىمى.

سِيَّانٌ: ئىككىسى ئوخشاش.

سِيَّانٌ عِنْدِي كَذَا و كَذَا: مېنىڭچە ئىككىسى-نىڭ پەرقى يوق، ھېچقانداق پەرقى يوق، ئوخشاشلا.

سَيَّبَ يُسَيِّبُ تَسْيِيبًا: قويۇۋەتتى، تاشلىۋەتتى، ۋاز كەچتى، قويۇپ بەردى، ئازاد قىلدى، بوشات-تى.

«فَتَحَ الْوَلَدُ الْقَفَصَ وَسَيَّبَ الْعُصْفُورَ الَّذِي كَانَ فِيهِ» ؛ بالا قەپەسنى ئېچىپ ئۇنىڭدىكى قۇچقاچنى قويۇۋەتتى.

سَيَّجَ يُسَيِّجُ تَسْيِيجًا الْمَكَانَ: چىتلىدى، دائىرە ئىچىگە ئالدى.

سَيَّجَ الْمَنْزِلَ: ئۆي ئەتراپىغا تام ئەتتى، ئۆيىنى دائىرە ئىچىگە ئالدى.

سَيَّخَ يُسَيِّخُ تَسْيِيخًا الْمَاءَ: سۇنى ئاققۇزدى.

سَيَّخَ الدُّهْنَ: ماينى ئېرىتتى.

سَيَّخَ الشَّخْصَ: سۆزنى بېزەدى، سۆزنى كۆپ قىلدى.

سَيَّخَ كَثِيرًا: ئاز بىلەن كۆپ قىلدى.

سَيِّدٌ ج سَادَةٌ وَ أَسْيَادٌ وَ سَيَائِدُ: باشلىق، رەئىس، داھىي، خوجا، خوجايىن، ئەپەندى، سەردار، يېتەكچى، يولباشچى، ساھىبخان؛ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇغ ـ ئەۋلادى.

هَذَا سَيِّدُ الْقَوْمِ: بۇ قەۋمنىڭ يېتەكچىسى.

«اَلْقُرآنُ سَيِّدُ الْكَلَامِ»: قۇرئان كەرىم سۆزلەرنىڭ ئېسىلىدۇر.

سَيِّدُ الْوُحُوشِ: ئارسلان، شىر.

سَيِّدُ الْمُطْرِبِينَ: ئاتاقلىق مۇزىكانت.

سَيِّدِي . ياسَيِّدِي: جانابلىرى، ھەزرەتلىرى، تەقسىر، تۆرەم بىگىم، غوجام، ئەپەندىم.

سَيِّدَةٌ ج سَيِّدَاتٌ: خانىم، خېنىم، خانزادە، ئاغىچا.

سَيِّدَتِي . ياسَيِّدَتِي: خېنىم، خانىم، ئاغىچا.

سَيِّدَاتِي وَسَادَتِي: خانىملار ۋە ئەپەندىلەر.

صَحِيفَةُ السَّيِّدَاتِ: ئاياللار سەھىپىسى، ئاياللار ئۈچۈن ئاجرىتىلغان مەخسۇس بەت.

اَلسَّيِّدَانِ: ئىمام ھەسەن بىلەن ئىمام ھۈسەيىن (ھەزرىتى ئەلى بىلەن ھەزرىتى فاتىمەنىڭ ئوغۇللىرى).

سَيَّرَ يُسَيِّرُ تَسْيِيرًا: ماڭغۇزدى، يولغا سالدى.

«وَيَوْمَ نُسَيِّرُ الْجِبَالَ» «قرآن»: ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) بىز تاغلارنى يوق قىلىمىز.

سَيَّرَهُ: ئەۋەتتى، ئېلىپ باردى.

سَيَّرَ عَمَلَهُ: يۈرۈشتۈردى، ئىشنى ئاققۇزدى.

سَيَّرَ الْمَثَلَ: مەسەلنى تارقاتتى، ئومۇملاشتۇردى.

سَيَّعَ يُسَيِّعُ تَسْيِيعًا الْحَائِطَ بِالطِّينِ: تامنى لاي بىلەن سۇۋىدى.

سَيَّعَ الشَّيْبُ رَأْسَهُ: بېشىغا ئاق كىردى، ئاق چۈشتى.

سَيَّعَ الشَّيْءَ: ماي سۈرتتى، مايلىدى.

سَيِّقٌ: شامال ھەيدىگەن بۇلۇت.

سَيِّقَةٌ ج سَيَائِقُ وَسَيِّقَاتٌ: بۇلاپ كېتىلگەن ئات-ئۇلاقلار.

سَيَّلَ يُسَيِّلُ تَسْيِيلًا: ئاققۇزدى، ئېقىتتى.

سَيَّلَ الْمَادَّةَ: ماددىنى ئېقىتتى، قاتتىق ھالەتتىن سۇيۇقلۇق ھالەتكە ئايلاندۇردى.

سَيَّلَ الْغَازَ: گازنى سۇيۇق ھالەتكە ئايلاندۇردى.

وَلَاسِيَّمَا: بولۇپمۇ، خۇسۇسەن، ئېخىمۇ.

«يُحِبُّ جَمِيعَ مُعَلِّمِيهِ وَلَاسِيَّمَا مُعَلِّمَ الْحِسَابِ»: ئۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەممىسىنى ياقتۇرىدۇ، بولۇپمۇ ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسىنى.